گرىم چۆچەكلىرى

1

# قىزىل بۆك



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

گرىمم چۆچەكلىرى





# قىزىل بۆك

تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۇل مىجىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

格林童话选. 1：维吾尔文/（德）格林（Grimm,J.），（德）格林（Grimm,W.）著；帕提古丽・米吉提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.5
ISBN 978—7—228—10964—7

Ⅰ.格… Ⅱ.①格… ②格… ③帕… Ⅲ.童话—作品集—德国—近代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I516.88

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2007）第 069626 号

| | |
|---|---|
| 著　　者 | （德）格林兄弟 |
| 译　　者 | 帕提古丽・米吉提 |
| 责任编辑 | 艾合买提・伊明 |
| 责任校对 | 古丽夏尔・纳格买提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 3.375 |
| 版　　次 | 2007 年 5 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—9000 册 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-228-10964-7 |
| 定　　价 | 6.00 元 |

如有印装错误,请与维文编辑部发行科联系。

بۇ كىتاب ئۆسمۈر - بالىلار نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1986 - يىل 12 - ئاي 2 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据少年儿童出版社 1985 年 8 月第 1 版，1986 年 12 月第 2 次印刷本翻译出版。

# قىزىل بۆك

ئاپتورى: ي .گرىم، ۋ .گرىم (گېرمانىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىگۈل مىجىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.375
نەشرى: 2007 - يىلى 5 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىلى 2 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 5001——9000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 — 7 — 228 — 10964 — 7
باھاسى: 6.00 يۈەن

تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تارقىتىش ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

# مۇقەددىمە

ئاكا ـ ئۇكا گىرىملار: ئاكىسىنىڭ ئىسمى ياكوب لىيۇدۋىگ كارل گىرىم (1785 ــ 1863). ئىنىسىنىڭ ئىسمى ۋىلھېلم كارل گىرىم (1786 ــ 1859). ئۇلار گېرمانىيىنىڭ كامالەتكە يەتكەن تىلشۇناسلىرى، شۇنداقلا ئاتاقلىق چۆچەك توپلىغۇچىلار ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ يېزىشنىڭ پىرلىرى.

ئۇلار خەلق چۆچەكلىرىنى تىل تەتقىقاتىنى مەقسەت قىلىپ توپلىغان، ئادەتتە ئېيتىلىپ يۈرگەن چۆچەكلەر گەرچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ چۆچەكلەرنىڭ تىلىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن. ئۇلار يەنە بۇ چۆچەك ـ رىۋايەتلەرنى چوڭقۇر قېزىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن رەتلىگەندە، گېرمان مىللىتى ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ھەمدە قەدىمىي زامان جەمئىيىتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن خەۋەردار بولغىلى، شۇ ئارقىلىق تارىخنى يازغىلى ۋە تەتقىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن قىرىق نەچچە يىللىق ھاياتىنى سەرپ قىلغان، جاپا ـ

مۇشەققەتلەرنى چەككەن. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان چۆچەك ـ
رىۋايەتلەرنى توپلاپ، تىل ۋە تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
پەن ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى پاكىت ۋە پايدىلىنىش ما-
تېرىيالى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇلار يەنە ئىككى يۈزدىن
ئارتۇق چۆچەك، ئالتە يۈزدىن ئارتۇق گېرمانىيە ھېكايى-
لىرىنى رەتلەپ ۋە تەھرىرلەپ باللار ئۈچۈن نەشر قىل-
دۇرغان. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن پەن ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى
جەھەتتە مول ھوسۇلغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇشۇ
چۆچەكلەرنىڭ ئۆز قىممىتى جەھەتتىمۇ (بىلىم تەربىيە-
سى، ئەخلاق تەربىيىسى، ئېستېتىكىلىق مەدەنىي كۆڭۈل
ئېچىش تەربىيىسى) ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالغۇدەك غايەت
زور شان ـ شەرەپكە ئېرىشكەن.

ياكوب مۇنداق دېگەنىدى: «بىز قاقاس داللاردىن ئۆ-
تۈپ، قەدىمىي ئورمانلارنى كېزىپ خەلقنىڭ قىممەتلىك
تىلىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلارنىڭ ساپ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ ئىدرا-
كى ۋە ئېتىقادى بىلەنمۇ تونۇشتۇق.» خەلقتىن ئۆگى-
نىشتەك بۇنداق روھ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىر-
لەشتۈرۈش، ئىلىم ـ پەن يولىدا ئىزدىنىشتەك بۇنداق
پوزىتسىيە كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ھەقىقىي شانلىق
ئۈلگە.

شۇنىمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، چۆچەك ـ
رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەش، قايتىدىن بايان قىلىش ئاكا ـ

ئۇكا گرىملاردىن باشلانغان ئەمەس. ئۇلاردىن بۇرۇن بىر-
لور، دونو خانىم، بومىن خانىم، ئۇلار بىلەن دەۋرداش
ۋىلھېلم خائۇف (1802 — 1827)، ئالېكساندىر چوڭ دىيۇ-
ما (1802 — 1870)، ناتانىيېل خوتورن (1804 — 1864)
قاتارلىق مەشھۇر زاتلار بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان.
بۇنداق كىشىلەر باشقا ئەللەردىمۇ خېلى كۆپ. لېكىن،
بۇ خىزمەتنى ئاكا - ئۇكا گرىملاردەك كەڭ كۆلەمدە
ئېلىپ بارغانلار يوق. ئۇلارنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئەينى
چاغدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار
ئۇچۇن يول ئېچىپ بەرگەن، نىشان كۆرسەتكەن، نەمۇنە
بولغان، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇل-
لىنىشقا بەل باغلىغانلار (باللار تەربىيىسى بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)غا زور دەرىجىدە ئىلھام
بولغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ تاغ - دالىلارنى كېزىپ
بوۋاي - مومايلارنىڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە، چۆچەكلى-
رىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىغانلىقى، ئۇلارنى ئەستايى-
دىللىق بىلەن خاتىرىلىگەنلىكى، تەسىرلىك، ئاممىباب
چۆچەكلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئەدەبىي
ئۇسلۇبىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاپ قېلىشقا تى-
رىشقان تەرەپلىرى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.
قايتىدىن بايان قىلىش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس،

بەلكى ئۇ قايتا ئىجاد قىلىش سەنئىتىدۇر، بۇنى ئو-رۇنداش مۇشكۇل ۋە قول تۇتىدىغان ئىش.

ۋىلھېلمىنىڭ تىلى گۈزەل، ئۇ تالانتلىق چۆچەكچى. ئۇ مىللەت، خەلق ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرگەن. ھالبۇكى ئۇ نەرسىلەر مىللەتكە، خەلققە تەئەللۇق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىغان، بەلكى تېخىمۇ گۈزەل ۋە يارقىن تۈس ئال-غان. ۋىلھېلمنى تالانتلىق چۆچەكچى دېيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ مىللىي مىراسلارغا ھۆرمەت قىلغان. مىللىي مىراسلارنىڭ مەزمۇنىنىلا ئەمەس، شەكلىنى ئۆزگەرتىش-كىمۇ بولمايدۇ. مەزمۇن ۋە شەكىلگە مۇناسىۋەتلىك ئۆز-گىرىشلەر بولغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ مېغىزىنى ئېلىپ قې-لىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىش لازىم. ھەرگىزمۇ خالى-غانچە شاخلىتىپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئۇ نەرسىلەر ئورگانىك ھالدا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە تاملىنىدۇ. ئەدە-بىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە ياخشى بولۇشى ئەنە شۇ شەرتلەر ئاستىدا تەلەپ قىلىنىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار چۆچەك - رىۋايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يېزا ۋە تاغلىق رايونلاردىن توپلىغان، شۇنداقلا باشقا تەرەپلەرنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر چۆچەكلەر ئېغىزچە بايان قىلىنغان ئەمەس، بەلكى گېرمانىيە كلاسسىك ئەدەبىياتى-

دىن ئېلىنغان. ۋىلھېلم XVI ئەسىردىكى «ھەزىل ئەدەبىياتى»دىن پايدىلانغان. ئۇلار بۇ چۆچەكلەرنى شۋېتسارىيە، فرانسىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن توپلىغان، ياتلىق قىلىنغان ھەدىسىدىن ۋە دوست ـ يارەنلىرىدىنمۇ يىغقان.

بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئاۋارىچىلىكلەردىن قورقمايدىغان، سەۋر ـ تاقەتلىك، قەيسەرانە روھىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاخىردا «گېرمانىيە بالىلىرى ۋە ئائىلە چۆچەكلىرى» (ھازىر «گرىم چۆچەكلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ)نىڭ تەربىيۋى قىممىتى ئۇستىدە توختىلىمىز. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ ئۆز سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرگىنىمىز ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن «مۇقەددىمە»دە مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ چۆچەكلەرنى ئەدەبىيات تارىخىدا تۆھپە يارىتايلى، دېگەن مەقسەتتە ئەمەس، بەلكى جانلىق ئەدەبىيات ئۆز كۈچىنى نامايان قىلسۇن، توپلىغانلىرىمىزنى كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇسۇن، دېگەن مەقسەتتە توپلاپ رەتلىدۇق، شۇڭا بۇ چۆچەكلەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە كىتاب بولۇشىنى خالايمىز.»

شۇنداق، جاھانغا مەشھۇر بۇ چۆچەكلەرنىڭ تارىخىي، ئەدەبىي قىممىتىدىن باشقا تەربىيىۋى قىممىتىمۇ بار. بۇ شۈبھىسىزدۇر. ئاكا ـ ئۇكا گرىملارنىڭ مەقسىتى ئېنىق، بۇنى پاكىتلارمۇ ئىسپاتلايدۇ.

شۇڭا، گۆدەك كىتابخانلار ئۈچۈن مۇھىمى ئۇلارنىڭ

يېشىغا مۇناسىپ كېلىدىغان نادىر چۆچەكلەرنى تاللاش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى تاۋلاش لازىم. شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، بەش قول تەڭ بولمىغىنىدەك، بۇ «زور» كىتابتا بالىلارغا خاس نۇرغۇن نادىر ئەسەر-لەرمۇ، ئۇلارغا ئانچە ماس كەلمەيدىغانلىرىمۇ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بالىلارغا خاس چۆچەكلەرنى ئەستايىدىل تاللاپ چىقىش كېرەك.

گېرمانىيە پېداگوگلىرى گرىم چۆچەكلىرىنى خاراك-تېر تەربىيىسىنىڭ ئوبدان ماتېرىيالى دەپ قارايدۇ. زىل-لېر ئىككى يۈز چۆچەكنىڭ ئىچىدىن ئون بىرىنى تاللاپ، بىرىنچى سىنىپ بالىلىرى ئۈچۈن ئەخلاق تەربى-يىسى دەرسلىكى ئورنىدا پايدىلانغان. ۋ.رېيىن بۇ «تاللان-ما»نى كۆپەيتىپ ئون تۆت چۆچەك قىلىغان. XIX ئەسىردىكى گېرمانىيە مائارىپ تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى پېستالوززى (1746 ــ 1827) «دەسلەپكى تەربىيە» تەلىما-تىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تىل ــ ئوقۇتۇشتىكى ئەڭ مۇ-ھىم ئامىل، دەپ قارىغان. ئۇنىڭ تۇنجى شاگىرتى فرۆبېل (1782 ــ 1852، «بالىلار ناخشىلىرى ۋە ئويۇنلىرى»نىڭ ئاپتورى) بىر مەزگىل پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ھې-لىقى گرىم چۆچەكلىرىمۇ گېرمانىيىنىڭ شۇ يىللاردىكى مائارىپ تۈزۈمى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە ئوقۇتۇش

ئۇسۇللىرى بىلەن بىللە «چەت ئەل»گە چىققان.

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق. ئۇ چۆچەكلەرنى بىز هازىرقى زامان مائارىپ ئىدىيىسى بىلەن ئۆلچەپ باقساقمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بۆرە بىلەن ئوغلاقلار»، «بېلىقچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى»، «ئاپئاق مەلىكە» (رۇسىيىلىك پۇشكىنىمۇ «بېلىقچى ۋە ئالتۇنبېلىق ھەققىدە ھېكايە»، «يەتتە باتۇر ۋە ئۆلۈك مەلىكە» قاتارلىق چۆچەكلەرنى يازغان)، «برېمېن شەھىرىنىڭ سازەندىلىرى»، «باشمالتاق» (ئاندېرسون «بارماقچە لىنا»نى يازغان)، «ئالتۇن پەيلىك غاز»، «باتۇر تىككۈچى»، «بىر كۆزلۈك، ئىككى كۆزلۈك، ئۈچ كۆزلۈك»، «ھەممىگە قادىر دوكتور» قاتارلىقلارنىڭ باللار تا هازىرغىچە ياخشى كۆرىدىغان، قىزىقارلىق ۋە ئىدىيىۋىلىككە ئىگە چۆچەكلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ چۆچەكلەر ئارقىلىق باللارغا ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى ئوڭۇشلۇق ۋە كۆڭۈللۈك هالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ناۋادا، جاھانغا مەشهۇر بېلور يازغان «قىزىل بۆك»، «چىمەلتەك»لەرنى ئاكا ـ ئۇكا گرىملار يازغان «قىزىل بۆك»، «باشمالتاق»لار بىلەن ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ باقساق، باللارنىڭ ئوقۇشىغا ۋە ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىشكە قايسىسىنىڭ بەكرەك مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە ئالايلۇق، ئىككى خىل «كۆل قىز»نىڭ

كېيىنكىسى تېخىمۇ بېيىتىلگەن ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈل-
گەن. كارل ماركسمۇ «ئېچىل داستىخان، تىللا تېزەكلەي-
دىغان ئېشەك ۋە ئۇر توقماق» ناملىق چۆچەك ئارقىلىق
ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمىنى گېينزىنگە زەربە بەرگەن
ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان. بۇنىڭدىن گرىم چۆچەكلىرى-
نىڭ بۇنىڭدىن يۈز يىل بۇرۇنمۇ خېلى چوڭ تەسىرگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

مۇشۇ كۈندىمۇ، يەنى XX ئەسىرنىڭ 80 - يىل-
لىرىدىمۇ «گرىم چۆچەكلىرى» يېڭى دەۋر بالىلىرىنىڭ
سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.
ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى ۋە مەڭگۈلۈكلۈكى دەل
مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدا گېرمان مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ
ئالاھىدىلىكى — ئاددىيلىق، يۇمۇرلۇق، زېرەكلىك ۋە با-
تۇرلۇققا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر تېپىلىدۇ. چۆچەك -
رىۋايەتلەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، ئەمما غەلىتە ئەمەس،
باياني تەپسىلىي، ئېنىق، ئەمما زېرىكىشلىك ئەمەس.
شۇڭلاشقىمۇ ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەلئەسىنىڭ
ئۈستىدە ئېگىز لەپىلدەپ تۇرۇۋاتقان بايراق ھېسابلىنىدۇ!

يېڭى جۇڭگو بالىلىرىنىمۇ دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتى-
دىكى نادىر ئەسەرلەردىن زوقلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىمىز-
دىكى «گرىم چۆچەكلىرى»نى نەشر قىلدۇق. كىچىك كى-
تابخانلار بۇ چۆچەكلەرنى زوق - شوخ بىلەن ئوقۇغۇسى.

# ئاكا - ئۇكا گرىملار توغرىسىدا

بۇرۇن بىر - بىرىگە كۆيۈنىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان، مېھرىبان ئاكا - ئۇكا ئۆتكەنىدى. ئۇلار كىچىك ۋاقتىدىلا: «بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز»، «بىزنى پەقەت ئۆلۈملا ئايرىۋېتەلەيدۇ» دېيىشەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەكلا بولدى. ئۇلارنىڭ فامىلىسى گرىم بولۇپ، ئاكىسىنىڭ ئىسمى ياكوب، ئىنىسىنىڭ ئىسمى ۋىلھېلم ئىدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، چىقىشقاق ئىدى. ھەر ئىككىلىسى گۈل - گىياھلارنى، كىتابنى ۋە ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيەتتى. بولۇپمۇ ئۇلار ۋەتىنى گېرمانىيىنى، ئەركىنلىكنى، ھەقىقەتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى.

ياكوب بىلەن ۋىلھېلم خانناۋ شاھلىقىدا تۇراتتى. ئۇلار ئىلىم ئەھلى ھېسابلىناتتى. بىر كۈنى بەتنىيەت پادىشاھ ئاكا - ئۇكا ۋە يەنە بەشەيلەننىڭ ئەركىنلىكنى، ھەقىقەتنى، ۋەتىنى گېرمانىيىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پادىشاھلىق مۇستەقىللىق

دەۋاسى قىلىپ گېرمانىيىدىن بۆلۈنۈپ چىققاچقا، گېرمانىيىنىڭ بىرلىكى دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ئۇنىڭغا زادىلا ياقمايتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ ئەركىنلىك ۋە ھەقىقەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىلىم ئەھلىلىرىنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. يەتتەيلەن گوتتىنگېن شەھىرىدە تۇرغاچقا، پۈتۈن گېرمانىيىلىكلەر ئۇلارنى «گوتتىنگېنلىق يەتتە ئالىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئاكا - ئۇكا گرىملارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن يالاپ كېتىۋاتقاندا، نەۋرىسىنى يېتىلەپ يول بويىدا تۇرغان بىر مومايغا ئۇچرايدۇ. بالا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن مومىسىغا مەھكەم چاپلىشىۋالىدۇ. مومىسى ئۇنىڭغا: «بار، ئوغلۇم، ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىن!» دەيدۇ. موماينىڭ بۇ گېپى ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەملەر خەلقنىڭ دوستى، كىشىلەر ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى كېرەك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بەتنىيەت پادىشاھ ئاكا - ئۇكا گرىملارنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلققە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى سوۋۇتالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار گېرمانىيە خەلقىنى چەكسىز قىزغىن سۆيەتتى. شۇڭا، ئۇلار قىرىق نەچچە يىللىق ۋاقتىنى سەرپ

قىلىپ، شەھەر، يېزىلارنى ئارىلايدۇ، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن چۆچەك - رىۋايەتلەرنى توپلايدۇ، خاتىرىلەيدۇ.

كىشىلەر بۇ چۆچەك - رىۋايەتلەرنى نەدىن ئاڭلىغان؟ بوۋا - موممىلىرىدىن ئاڭلىغان، بوۋا - موممىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بوۋا - موممىلىرىدىن ئاڭلىغان. چۆچەك - رىۋايەتلەرنىڭ تارقىلىپ كەلگىنىگە نۇرغۇن يىللار بولغان بولۇپ، بەزىلىرى بىر - ئىككى يۈز يىل، بەزىلىرى ھەتتا تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇ چۆچەك - رىۋايەتلەر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەچكە، كىشىلەر ئۇلارنىڭ بەزى جايلىرىنى بېيىتقان، بەزى جايلىرىنى چۈشۈرۈپ قويغان. نەتىجىدە، چۆچەك - رىۋايەتلەر بارغانسېرى ئۆزگىرىپ ماڭغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋارىيانتى قانداق؟ بۇنىڭغا ھېچكىممۇ بىرنېمە دېيەلمەيدۇ.

ياكوب بىلەن ۋىلھېلم چۆچەك - رىۋايەتلەرنى توپلىغان زامانلاردا تۆمۈريول، ئاپتوموبىل، ئايروپىلان، ئېلېكتر چىرىغى، سىمسىز تېلېگراف، تېلېۋىزور، گېزىت دېگەندەك نەرسىلەر تېخى يوق ئىدى. زاۋۇت - كانلارمۇ تېپىلمايتتى. شەھەرلەرمۇ ئاز ھەم كىچىك ئىدى. كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېھقان بولۇپ، نەرسە - كېرەك ساتىدىغان بازار بولمىغاچقا، ھەممە نەرسىنى

ئۆزلىرى ياسايتتى. ئاشلىقنى ئۆزلىرى تېرىيتتى، مال ـ چارۋىلارنى ئۆزلىرى باقاتتى. كىيىملىرىنى ئۆزلىرى تىكەتتى، رەختلەرنىمۇ ئۆزلىرى توقۇيتتى، ئىشلىتىدىغان ھەر خىل ئەمگەك قورالىرىنىمۇ ئۆزلىرى ياسايتتى. تىككۈچى، موزدۇز ۋە باشقا كاسىپلار شەھەرلەردىلا ئىدى. يېزىلارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قاراڭغۇ ئورمان ئوراپ تۇراتتى. بۇ ئورمانلار شۇنچىلىك قويۇق ئىدىكى، ھەممە يېرى تىكەن ـ چاتقاللار، ئۆرۈلگەن دەرەخلەر بىلەن تولغانىدى (بۇ دەرەخلەرنى ئادەملەر كەسكەن ئەمەس، ئۇلار شامالدا ئۆرۈلگەن ياكى قېرىپ قۇرۇپ كەتكەن). ئورماندا ماڭغۇدەك يولمۇ تاپقىلى بولمايتتى. نۇرغۇن ئادەملەر ئادىشىپ قېلىپ ئاچلىقتىن ئۆلەتتى ياكى ياۋايى ھايۋانلارغا يەم بولاتتى. ھازىر گېرمانىيىدە ئۇ چاغلاردىكىدەك يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە پايانسىز كەتكەن قورقۇنچلۇق ئورمانلار يوق.

ئۇ چاغلاردىكى كىشىلەر ئورماندىن، گۈلدۈرمامىا ۋە چاقماقتىن بەكلا قورقاتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئۇلار گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنىڭ سىرىنى بىلمەيتتى. ئۇلار مەكتەپتە ئوقۇمىغاچقا خەت تونۇمايتتى. شۇڭا، نۇرغۇن ھادىسىلەرنى توغرا چۈشىنەلمەيتتى. ناۋادا بىرەر ئادەم ئورماندا ئېزىپ يىتىپ كەتسە، ھەممە ئادەم ئۇنى چوقۇم جادۇگەر ياكى ئەجدىھا تۇتۇپ كەتتى، دەپ بىلەتتى.

كىشىلەرنىڭ بىلىمى چەكلىك بولغاچقا، بىرەر پېشـ-كەللىككە ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ھازىرقى كىشىلەردەك تاقابىل تۇرالمايتتى. ئاپەت بولغان يىللىرى ئۇلارغا ئاچتىن ئۆ-لۈشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. پادىشاھ ۋە ئىمتىيازلىق پومېشچىكلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ تاپقان - تەرگىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى شىلىۋالاتتى ياكى ئۇلارنى مەجبۇرىي ئىشلىتىپ ھەق بەرمەيتتى. شۇڭا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بەكلا ناچار ئىدى.

ئازاب ئىچىدە قالغان كىشىلەر بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامال - چارە ئىزدەيتتى. ئۇلار ياخشىراق ئامال تاپالمىغاچقا، قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچنىڭ ئۆزلىرىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ جاپا - مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، يارلىق ئەم-گەكچىلەرنىڭ بىرلىشىپ تەييارتاپلارنى، پومېشچىكلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى لازىملىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئەم-گەكچان ئىدى. بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتمەيتتى. يەنە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئادەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغۇدەك ئاجايىپ بىرنېمە ئۇلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلاتتى. بۇ — ماشىنا ئى-دى. ئۇ چاغلاردا كىشىلەر قانداقتۇر ھېكمەتلىك شەم-شەر، سېھىرلىك چىراغقا ئوخشاش خاسىيەتلىك نېمىلەر بىزنى بۇ ئازاب - ئوقۇبەت ۋە موھتاجلىقتىن

قوتۇلدۇردۇ، دەپ قارايتتى. بۇگۇنكى كىشىلەر كۆپچىلىك ئىتتىپاقلىشىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەندىلا، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىگە سىھرىي كۈچكە تايانمايمۇ مۇيەسسەر بولۇش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بىز بۇ چۆچەكلەردىن ئەينى زاماندىكى ئىنسانلار ھاياتى ۋە ئىدىيىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئەھۋاللىرىدىنمۇ خەۋەر تاپالايمىز. ئالايلۇق، چۆچەكلەردە نېمە ئۈچۈن كەنجى ئوغۇل غەلىبىگە، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ؟ چۈنكى، بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا ئۆزىنىڭ پۈتۈن بىساتىنى چوڭ ئوغلىغا قالدۇراتتى، كەنجى ئوغۇل ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيتتى. ناۋادا ئاتا بولغۇچى دېھقان بولسا، كەنجى ئوغۇل ئۆمۈر بويى قول بولۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى؛ قول ھۈنەرۋەن، كاسىپ بولسا، كەنجى ئوغلى سەرگەردان بولۇپ خەقلەرگە يالىنىپ ئىشلەيتتى، تاپقان ئازراق پۇلىغا تايىنىپ ماكان تاپاتتى. قورسىقىنى باقاتتى. خەلق نامراتلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغاچقا، چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىمۇ كەنجى ئوغۇلنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئۆزىدىن كەلگەن قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى.

كىشىلەر ئۆگەي بالىلارنىڭ ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشىشىنى، نىيىتى يامان ئۆگەي ئانىلارنىڭ جازاغا ئۇچرىشىنىمۇ تىلەيتتى. بىراق ئۆگەي ئانىلارنىڭ ھەممىسى

چۈچەكلەردىكىدەك يامانمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. خۇددى دۇنيا-دىكى ئانىلار ۋە ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامىنى بولغىنى-دەك، ئۆگەي ئانىلارنىڭمۇ ياخشى - يامىنى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ چاغلاردا، ئاتا - ئانىنىڭ مۈلكىگە پە-قەت بىرلا بالا ۋارىسلىق قىلالايتتى. شۇڭلاشقىمۇ، كۆ-پىنچە ئۆگەي ئانىلار ئۆزىنىڭ بالىسىنى ۋارىس قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆگەي بالىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلاتتى.

ئاكا - ئۇكا گىرىملار نۇرغۇن جايلارنى زىيارەت قى-لىپ، كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە دىققەت - ئې-تىبار بىلەن قارىغان ۋە ئۇلارنى قىياس قىلىپ يەتكەن. چۈنكى، ئۇلار ئىلىم ئەھلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە شا-ئىر ئىدى. شائىرلار دۇنيادىكى ئىشلارنى كۆزى بىلەن كۆزىتىدۇ. قەلبىدە ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا كۆرگەن ئىشلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدۇ. ئاكا - ئۇكا گىرىملارمۇ كۆرگەن ۋە قىياس قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلەپ ماڭغان.

ياكوب بىلەن ۋىلھېلم چەكسىز ئورمانلارنى، يېزا - كەنتلەرنى، دېڭىز - يالماۋۇزلار ۋە جادۇگەرلەرنى قىياس قىلىپ باققان. ئۇلار قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ، دەپ قارى-لىدىغانلارنىڭ نەتىجە قازىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھەر-گىزمۇ ئەخمەق، دۆت ئادەملەر ئەمەسلىكىنى، ئۆزلىرىنى ئاقىل چاغلاپ باشقىلارنى ئالدايدىغان، زىيانكەشلىك قى-

لىدىغان ئادەملەرگە ئوخشمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.
ئۇلار يەنە چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىن ئىنسانىيەتكە، هايۋان ۋە جان ـ جانىۋارلارغا رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ ياردەمگە مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى، كىشىلەر ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالار ئارقىلىق قولغا كې-لىدىغانلىقىنى بىلگەن. ئاكا ـ ئۇكا گىرىملار ئاشۇ چۆ-چەكلەرنى قىياس قىلىۋاتقان چاغدا، ئاددىي تىككۈچىنىڭ دىۋىنى يەڭگەنلىكى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان. چۈنكى، تىككۈچىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى، باتۇرلۇقى دى-ۋىنىڭ تەلۋىلەرچە زوراۋانلىقىدىن غالىب كەلگەن. ئۇلار چۆچەك ـ رىۋايەتلەردىن يەنە سېھرىي كۈچنىڭ قۇدرىتى ئېزىلگۈچىلەرگە قانداق ياردەم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.
كىشىلەر ئۆزلىرى بىلىدىغانلىكى چۆچەكلەرنى ئاكا ـ ئۇكا گىرىملارغا سۆزلەپ بەرگەن. ئاكا ـ ئۇكا گىرىملار شائىر بولغاچقا، بۇ چۆچەك ـ رىۋايەتلەرنى رەتلەپ، دۇن-يادىكى ئەڭ ياخشى كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئى-لى گۈزەل ناھايىتى ئېسىل كىتابتىن بىرنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كىتاب پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى گېرمانىيىدە تېخىمۇ شۇنداق. چوڭلار ياكى با-لىلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كىتابنى ساپ دىللىق بىلەن سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

# قىزىل بۆك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا چىرايلىق ۋە ئۇماق بىر قىزچاق بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەممەيلەن ئامراق ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇ-نىڭ مومىسى قىزچاق ئۇچۇن جېنىنى بېرىشكىمۇ رازى ئى-كەن. بىر كۇنى مومىسى قىزچاققا قىزىل ماھۇتتىن تىكىل-گەن بۆك سوۋغا قىپتۇ. بۇ بۆك ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يارى-شىپتۇ. قىزچاق ئۇنى ھەمىشە كىيىپ يۇرىدىكەن. شۇڭا، قىزچاقنى ھەممە ئادەم قىزىل بۆك، دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

بىر كۇنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— قىزىل بۆك، ماۋۇ قاتلىما نان بىلەن بىر بوتۇلكا ئۇزۇم ھارىقىنى موماڭغا ئاپىرىپ بېرىپ كەل. ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، بۇلارنى يەپ - ئىچسە بىرئاز ماغدۇرىغا كېلىپ قالار. ھاۋا ئىسسىپ كەتكۇچە موماڭنىڭ قېشىغا بېرىۋال. يولدا شوخلۇق قىلماي تۇز ماڭغىن. يىقىلىپ چۈشسەڭ بو-تۇلكا چېقىلىپ ئۈزۈم ھارىقى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ - دە، مو-ماڭغا ھېچنېمە قالمايدۇ. موماڭنىڭ يېنىغا كىرگەندە ھاڭۋاقتىلىق قىلماي، موما، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ دەپ تىنچ-لىق سورا، — دەپ تاپىلاپتۇ.

— دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم قۇلىقىمدا تۇتىمەن، —

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ......................................... 1
ئاكا ـ ئۇكا گىرىملار توغرىسىدا .................... 1
قىزىل بۆك ......................................... 1
ئورماندىكى كەپە ................................... 8
بۆرە بىلەن ئوغلاقلار ............................. 21
برېمېن شەھىرىنىڭ سازەندىلىرى ..................... 28
ئەتىرگۈل مەلىكە .................................. 36
بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ ............................ 44
ئالتۇن پەيلىك غاز ................................ 56
بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى ............................ 67
ئالتۇن چاچلىق ئالۋاستى ........................... 69

# قىزىل بۆك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا چىرايلىق ۋە ئوماق بىر قىزچاق بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ھەممەيلەن ئامراق ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇ-نىڭ مومىسى قىزچاق ئۇچۇن جېنىنى بېرىشكىمۇ رازى ئىكەن. بىر كۈنى مومىسى قىزچاققا قىزىل ماتۇقتىن تىكىلگەن بۆك سوۋغا قىپتۇ. بۇ بۆك ئۇنىڭغا شۇنچىلىك يارىشىپتۇ. قىزچاق ئۇنى ھەمىشە كىيىپ يۈرىدىكەن. شۇڭا، قىزچاقنى ھەممە ئادەم قىزىل بۆك، دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا:

— قىزىل بۆك، ماۋۇ قاتلىما نان بىلەن بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقىنى موماڭغا ئاپىرىپ بېرىپ كەل. ئۇنىڭ تېنى ئاجىز، بۇلارنى يەپ ـ ئىچسە بىرئاز ماغدۇرىغا كېلىپ قالار. ھاۋا ئىسسىپ كەتكۈچە موماڭنىڭ قېشىغا بېرىۋال. يولدا شوخلۇق قىلماي تۈز ماڭغىن. يىقىلىپ چۈشسەڭ بوتۇلكا چېقىلىپ ئۈزۈم ھارىقى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ـ دە، موماڭغا ھېچنېمە قالمايدۇ. موماڭنىڭ يېنىغا كىرگەندە ھاڭۋاقتىلىق قىلماي، موما، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ دەپ تىنچلىق سورا، — دەپ تاپىلاپتۇ.

— دېگەنلىرىڭىزنى چوقۇم قۇلىقىمدا تۇتىمەن، —

دەپتۇ قىزىل بۆك ۋە ئاپىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

قىزىل بۆكنىڭ موممىسى ئورماندا تۇرىدىكەن. يېزىدىن ئۇ يەرگە يېرىم سائەتلەردە بارغىلى بولىدىكەن. قىزىل بۆك ئورمانغا يېتەي دەپ قالغاندا بۆرىگە ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇ بۆرىنىڭ بەكمۇ ۋەھشىي هايۋان ئىكەنلىكىنى زادىلا ئاڭلىمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ بۆرىدىن قورقۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ.

— ياخشى تۇرۇپسىز، قىزىل بۆك، — دەپتۇ بۆرە.

— رەھمەت سىزگە، بۆرىجان، — دەپتۇ قىزىل بۆك.

— قىزىل بۆك، مۇنچە ئەتىگەندە قاياققا يول ئالدىڭىز؟

— موماممىڭكىگە.

— ئېتىكىڭىزدىكى نېمە ئۇ؟

— قاتلىما نان بىلەن ئۈزۈم هارىقى. تۈنۈگۈن ئاپام قاتلىما نان سالغانىدى. ئۇنى قۇۋۋەت بولسۇن، دەپ موماممغا ئەكېتىپ بارىمەن.

— قىزىل بۆك، موممىڭىزنىڭ ئۆيى نەدىرەك؟

— ئورماندا، يەنە چارەك سائەت ماڭساملا يېتىپ بارىمەن. موماممىڭ ئۆيى يوغان ئۈچ تۈپ كاۋچوك دەرىخىنىڭ ئاستىدا، ئۆپچۆرىسى ياڭاق شاخلىرى بىلەن قاشالانغان. سىز ئۇ يەرنى چوقۇم بىلىسىز.

«بۇ گۆدەك قىزچاقنىڭ گۆشى موممىسىنىڭكىگە قارىغاندا يۇمران هەم تەملىك. مەن هىيلە ئىشلىتىپ هەر ئىك-

كىلىسىنى قولۇمغا چۇشۇرەي» دەپ ئويلاپتۇ بۆرە ۋە كېتىپ بېرىپ قىزىل بۆككە دەپتۇ:

— قىزىل بۆك، ئەتراپىڭىزدا شۇنچە چىرايلىق ئېچىلىغان گۈللەر تۇرسىمۇ قاراپ قويمايدىكەنسىز، بۇلبۇللار شۇنچە يېقىملىق سايراۋاتسا قۇلاق سېلىپمۇ باقمايدىكەنسىز. خۇددى مەكتەپكە كېتىپ بارغان بالىدەك ئۇدۇل كېتىۋېرىدىكەنسىز. ئورماننىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز ـ ھە؟

بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قىزىل بۆك ئەتراپىغا شۇنداق قاراپتىكەن، پاھ، قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدا خۇددى مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتقاندەك گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقىلىپ تۇرغۇدەك، ھەممىلا يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنمىش. «مومامغا بىر دەستە گۈل ئالغاچ بارسام، ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولمامدۇ. تېخى ئەتىگەن تۇرسا، مومامنىڭكىگە بىردەمدىلا بارىمەن» دەپ ئويلاپتۇ قىزىل بۆك ۋە چوڭ يولدىن چىقىپ گۈل تەرگىلى ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ بىر تال گۈلنى ئۈزۈشىگە، نېرىراقتىكى گۈل ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇ گۈلنىمۇ ئۈزۈۋالىدىكەن. قىزىل بۆك شۇنداق قىلىپ گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەككە ئوخشاش، ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە بارغانسېرى كىرىپ كېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا، بۆرە قىزىل بۆكنىڭ مومىسىنىڭكىگە بېرـ

رىپ ئىشىكنى چېكىپتۇ.

— كىم؟ — دەپ سوراپتۇ مومىسى.

— مەن، قىزىل بۆك، — دەپتۇ بۆرە، — موما، ئىشىكنى ئېچىڭ. سىزگە قاتلىما نان بىلەن ئۇزۇم ھارىقى ئەكەلدىم.

— قوپقۇدەك ھالىم يوق، ئىشىكنى ئۆزۈڭ ئاچ. تۇتقۇچنى بۇرساڭلا ئۆزى ئېچىلىدۇ.

بۆرە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپلا ئۇدۇل قىزىل بۆكنىڭ مومىسى ياتقان كارىۋاتقا بېرىپتۇ ـ دە، ئۇنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭلەك ۋە باشىنىكىنى كىيىپ، كارىۋاتقا چىقىپ جىمىدە يېتىۋاپتۇ.

ئەمدى قىزىل بۆككە كېلەيلى. ئۇ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ بىر قۇچاق گۈل تېرىپتۇ. گۈللەر ئۇنىڭ قۇچىقىغا پاتماي قالغاندىلا، ئۇ ئاندىن مومىسىنى يادىغا ئاپتۇ. ئۇ يولغا چىقىپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ. مومىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپمۇ سەل غەلىتىلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ: «تۇۋا، بۈگۈن ئەجەب يۈرىكىم ئېغىپ تۇرىدۇيا، ئىلگىرى مومامنىڭكىگە كەلسەم كۆڭلۈم يايراپ كېتەتتىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە:

— موما، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

جاۋاب بولماپتۇ. قىزىل بۆك كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ

قارىسا، مومىسى كارىۋاتتا باشىنىكىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ياتـ-
قۇدەك. ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن.

— ئەي موما، قۇلىقىڭىز نېمانداق چوڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قىزىل بۆك.

— چوڭ بولسا گېپىڭنى تېخىمۇ ئېنىقراق ئاڭلايمەن - دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بۆرە.

— ئەي موما، كۆزىڭىز نېمانچە يوغان؟

— چوڭ بولسا سېنى ئوچۇق كۆرەلەيمەن.

— ئەي موما، قولىڭىز نېمانداق يوغان؟

— چوڭ بولسا سېنى موككىدە تۇتالايمەن.

— موما، ئاغزىڭىز نېمىشقا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلـ-
گۈدەك يوغان؟

— چوڭ بولسا سېنى يالماپ يۇتالايمەن، — بۆرە شۇنداق دەپلا كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، قىزىل بۆكنى ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

بۆرە قورسىقىنى تويدۇرغاندىن كېيىن، كارىۋاتتا خورەك تارتىپ خاتىرجەم ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆيىنىڭ ئالدىدىن بىر ئوۋچى ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۆي ئىچىدىن چىـ-
قىۋاتقان خورەكنى ئاڭلاپ: «مومای خورەككە چۈشۈپتۇ، قاراپ باقايچۇ؟ ئۇ ئاغرىپ قالغان بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ ئۆيـ-
گە كىرىپتۇ ۋە كارىۋاتنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۆرىنى كۆرۈپ قاپتۇ.



— ۋۇي، ئىبلىس بۆرە، مەن سېنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسەن، — ئوۋچى شۇنداق دەپلا بۆرىنى قارنىغا ئاپتۇ. قارنىغا ئاپتۇيۇ، توختاپ قاپتۇ، چۈنكى ئۇ بۆرە مومايىنى يۇتۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، مەن ئۇنى قۇتۇلدۇراي دەپ ئويلىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قايچا ئېلىپ بۆرىنىڭ قارنىنى شۇنداق يېرىپتىكەن، ئىچىدىن قىزىل بۆكلۈك بىر قىز سەكرەپ چىقىپتۇ.

— يائاللا، ئەجەبمۇ قورقتۇما، بۆرىنىڭ قورسىقى بەكلا قاراڭغۇ بولىدىكەن ئەمەسمۇ !

ئۇنىڭ كەينىدىنلا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالغان مومىسى چىقىپتۇ. قىزىل بۆك يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ بىرمۇنچە تاش ئەكىرىپتۇ - دە، بۆرىنىڭ قارنىغا تىقىپ توشقۇزۇپ قويۇپتۇ. بۆرە ئويغىنىپ قاچماقچى بوپتىكەن، تاشنىڭ ئېغىرلىقىدىن مىدىر - سىدىر قىلالماي، غىققىدە جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار شاد - خۇراملىقتا چۆمۈپتۇ. ئوۋچى بۆرىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. مومىسى قىزىل بۆك ئەكېلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى يەپ - ئىچىپ ماغدۇرىغا كىرىپتۇ. قىزىل بۆكمۇ ئىچىدە: «ئاپام مېنى يولدىن چەتنەپ ئورمانغا يالغۇز كىرمە دېگەنىدى، ئەمدى ھەرگىزمۇ ئورمانغا كىرمىسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ.

# ئورماندىكى كەپە

بۇرۇنقى زاماندا نامرات بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئايالى، ئۈچ قىزى بىلەن ئورماندىكى بىر كەپىدە ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئوتۇنغا ماڭغۇچە ئايالىغا:

— چۈشلۈك تاماقنى چوڭ قىزىم ئورمانغا ئاپىرىپ بەرسۇن، بولمىسا ئىشىم ئاقساپ قالىدۇ، مەن يول بويى تېرىق چېچىپ ماڭىمەن، ئۇ شۇنى بويلاپ ماڭسا مېنى تاپالايدۇ، — دەپتۇ.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، چوڭ قىز بىر كوزا شورپىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. شۇغىنىسى، ئورماندىكى قۇشلار يەرگە چېچىقلىق تېرىقنى تېرىپ يەۋالغاچقا، قىز يولدىن ئادىشىپ كېتىپتۇ.

قىز بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ. ئورماندىكى دەرەخلەر شىلدىرلاپ، ھۇۋقۇش ھۇۋلاشقا باشلاپتۇ. قورققىنىدىن قىزنىڭ جېنى چىقايلا دەپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراق بىر يەردە پىلدىرلاپ يېنىۋاتقان ئوت كۆرۈنۈپتۇ. «ئوت كۆرۈنگەن يەردە چوقۇم ئادەم بار، مەن شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇنەي» دەپ ئويلاپتۇ قىز ۋە شۇ تەرەپكە

قاراپ مېڭىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. قىزچاق ئىشىكنى چېكىپتۇ، ئۆينىڭ ئىچىدىن «كىرىڭ!» دېگەن قوپال بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قىزچاق قاراڭغۇ دالانغا كىرىپ، سارايىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتىكەن، «ئۇدۇل كىرىۋېرىڭ» دەپتۇ يەنە ھېلىقى ئاۋاز. قىزچاق ئۆيگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، ئاپئاق ساقاللىرى يەرگە تېگەي دەپ قالغان بىر بوۋاي قوللىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇرغۇدەك. ئوچاقنىڭ ئالدىدا بىر مېكىيان، بىر خوراز ۋە بىر تاغىل سىيىر ياتقۇدەك.

قىزچاق بوۋايغا كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۆيدە بىر كېچە قونۇپ كېتىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. بوۋاي ھېلىقى ھايۋانلاردىن سوراپتۇ:

ئەي چىرايلىق مېكىيان،
رەڭدار تونلۇق خورازچاق.
ئېيتقىنچۇ تاغىل سىيىر،
ئۆيدە قونسۇنمۇ قىزچاق؟

ھايۋانلار تەڭلا: «دوكىس!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆز «قوشۇلىمىز!» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

— ئۆيىمىزدە نەرسە ـ كېرەكلەر مولچىلىق. سەن تالادىكى ئوچاقتا بىزگە تاماق ئېتىپ بەرگىن، — دەپتۇ بوۋاي.

قىزچاق بۇ يەردە تاماقىقا كىرەكلىك خورۇچلارنىڭ راستتىنلا موللۇقىنى كۆرۈپ، ئۇخشىتىپ تاماق ئېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ ھېلىقى ھايۋانلارنىڭ ئاچ ـ توقلۇقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. ئۇ ئۆزىگە بىر قاچا ئاشنى ئۇسۇپتۇ ـ دە، ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تويۇپ كېكىرگىچە يەپتۇ. ئاندىن ئۇ:

— ھېرىپ كەتتىم، يېتىپ ئۇخلىغۇدەك كارىۋات بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھايۋانلار:

يېدىڭ ـ ئىچتىڭ، بەتنىيەت،
ئۆز قارنىڭنى توقلىدىڭ.
ئەمدى نەدە ياتارسەن؟
بىزنى ئويلاپ قويمىدىڭ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيگە ئىككى كارىۋات قويۇلغان. سەن چىقىپ كارىۋاتلارنى قېقىشتۇرۇپ، پاكىز كىرلىكلەرنى سال. مەنمۇ چىقىپ ئۇخلايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.

قىزچاق ئۆيگە چىقىپ كارىۋاتلارنى قېقىپ ـ سوقۇپ، پاكىز كىرلىكلەرنى سايتۇ. ئاندىن بوۋاينىڭ چىقىشىنى كۈتمەيلا كارىۋاتقا چىقىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بوۋاي چىقىپتۇ. ئۇ قولىدىكى چىراغنى يېقىن ئە-

كېلىپ قىزغا قاراپتۇ ــ دە، ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ قويۇپتۇ. ئاندىن گەمىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىپلا قىزنى گەمىگە تاشلىۋېتىپتۇ.

ئوتۇنچى ئۆيگە ناھايىتى كەچ قايتىپتۇ ۋە پۈتۈن بىر كۈن ئاچ قويغانلىقى ئۈچۈن خوتۇنىغا كايىپتۇ.

— ۋاي، ياق، — دەپتۇ خوتۇنى، — سىزگە تاماقنى چوڭ قىزىمىز ئەكەتكەن. ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشاي-دۇ، ئەتە قايتىپ كېلىپ قالار.

ئەتىسى تاڭ يورۇمايلا ئوتۇنچى يەنە ئوتۇنغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئايالىغا بۈگۈن تاماقنى ئوتتۇرانچى قىزىدىن ئەۋەتىشنى تاپىلاپتۇ.

— بۈگۈن مەن يول بويى يېسىمۇق چېچىپ ماڭاي، — دەپتۇ ئۇ، — چۈنكى يېسىمۇق تېرىقتىن چوڭراق، كۆزگە ئاسان چېلىقىدۇ. ئوتتۇرانچى قىزىمىز شۇ يېسىمۇقلارغا قاراپ ماڭسا چوقۇم ئېزىپ قالمايدۇ.

چۈش بولغاندا ئوتتۇرانچى قىز تاماقنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا يېسىمۇقلاردىن بىر تالمۇ ئۇچ-رىماپتۇ. چۈنكى، قۇشلار ئۇلارنىڭمۇ بىر تېلىنى قويماي تېرىپ يەپ بولغانىكەن. شۇڭا، ئوتتۇرانچى قىزمۇ ئېزىپ قاپتۇ. كەچ كىرگەندە ئۇمۇ ھېلىقى بوۋاينىڭ ئۆيگە كەپتۇ. بوۋاي ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈپتۇ. ئۇمۇ بوۋايدىن يېگۈدەك نەرسە بىلەن ياتقۇدەك جاي سوراپتۇ. ئاپئاق ساقال بوۋاي يەنە ھېلىقى ھايۋانلاردىن سوراپتۇ:

ئەي چىرايلىق مېكىيان،
رەڭدار تونلۇق خورازچاق.
ئېيتقىنچۇ تاغىل سېغىر،
ئۆيدە قونسۇنمۇ قىزچاق؟

— دوكىس ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ هايۋانلار.

بۇ قىزمۇ تاماقنى ئاچىسىغا ئوخشاش ئوخشىتىپ ئې-تىپتۇ ۋە هېلىقى ئۈچ بىچارىگە بەرمەيلا بوۋاي بىلەن ئول-تۇرۇپ موكۇلدىتىپ سوقۇپتۇ. ئاندىن يېتىش ئۈچۈن جاي سوراپتۇ. هايۋانلار:

يېدىڭ - ئىچتىڭ، بەتنىيەت،
ئۆز قارنىڭنى توقلىدىڭ.
ئەمدى نەدە ياتارسەن؟
بىزنى ئويلاپ قويمىدىڭ.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ قىزچاقمۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆيگە چىقىپ ئا-چىسىغا ئوخشاشلا ئۇخلاپ قاپتۇ. بوۋاي يەنە بېشىنى چاي-قاپتۇ - دە، بۇ قىزنىمۇ گەمىگە تاشلىۋېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئوتتۇنچى ئايالىغا:

— بۈگۈن ماڭا تاماقنى كەنجى قىزىمىز ئاپىرىپ بەر-



سۈن. ئۇنىڭ ئەزەلدىن قولىقى يۇمشاق، كۆڭلى ياخشى. ئۇ ئاچلىرىغا ئوخشاش داپ داراڭشىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە قاڭقىپ يۈرمەيدۇ، مېنىڭ يېنىمغا تېنىمەي بارالايدۇ، — دەپتۇ.

— ئەمدى مۇشۇ ئەڭ ئارزۇلۇق بالىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالاي دەمسىز؟ — دەپ ئۇنىماپتۇ ئايالى.

— خاتىرجەم بول، خوتۇن، بۇ قىزىمىز بەكمۇ چېچەن، ئۇ ھەرگىزمۇ ئېزىپ كەتمەيدۇ. مەن بۈگۈن يولغا نوقۇت چېچىپ ماڭاي. نوقۇت يېيىسىمۇقتىن چوڭراق، كۆزگىمۇ ئوڭاي چېلىقىدۇ.

كەنجى قىز بىلىكىگە تاماق سېلىنغان سېۋەتنى ئېسىپ يولغا چىقىپتۇ. بۇ چاغدا ئورماندىكى كەپتەرلەر نوقۇتتىن بىرىنىمۇ قويماي پاك - پاكىز تېرىپ يەپ بولغانىكەن. كەنجى قىز قانداق مېڭىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. «بىچارە دادام ئاچ قالىدىغان بولدى، ئۆيگە كېتەلمىسەم ئاق كۆڭۈل ئاپام ئازابلىنىدۇ، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئۇنىڭ تازا بېشى قېتىپتۇ. كەچمۇ كىرىپتۇ. قىزغا يىراقتا ئوت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ پىلدىرلاۋاتقان يورۇققا قاراپ مېڭىپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئاپئاق ساقال بوۋايغا ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ، بىر كېچە قونۇش ئۈچۈن ئىجازەت سوراپتۇ. ئاپئاق ساقال بوۋاي يەنە:

ئەي چىرايلىق مېكىيان،
رەڭدار تونلۇق خورازچاق.



ئېيتقىنچۇ تاغىل سىيىر،
ئۆيدە قونسۇنمۇ قىزچاق؟

دەپ ھايۋانلىرىدىن سوراپتۇ.

— دوكىس! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار.

قىزچاق دەرھال ئوچاق بېشىغا ئۆتۈپ خوراز بىلەن مې-
كىياننىڭ پارقىراپ تۇرغان پەيلىرىنى سىلاپتۇ. ئالا سىيىر-
نىڭ مۈڭگۈزىدىن ئاستا تۇتۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ
قويۇپتۇ. ئۇ بوۋاينىڭ تاپشۇرمىسى بويىچە تەملىك شورپا
قىپتۇ. ئۇ بىر قاچا شورپىنى جوزىغا قويۇپلا: «تووۋا، مەن
ئۆزۈمنىڭ قورسىقى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بۇ ئاق كۆڭۈل
ھايۋانلارنى ئاچ قويغىلى تاس قاپتىمەن! تالادا شۇنچە جىق
نەرسە بولغاندىكىن، مەن دەسلەپ بۇلارنىڭ قورسىقىنى
توقلاي» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇ چىقىپ ئارپا ئەكىرىپ مېكىيان بىلەن خورازنىڭ
ئالدىغا چېچىپتۇ، بىر قۇچاق ئوت ئەكىرىپ سىيىرغا سې-
لىپ بېرىپ:

— سۆيۈملۈك ھايۋانلار، تويغۇچە يەڭلار، ئۇسسىساڭلار
سۈپسۈزۈك سۇ ئەكىرىپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

ئۇ لىق بىر چېلەك سۇ ئەكىرىپتۇ. مېكىيان بىلەن
خوراز چېلەكنىڭ قىرىغا قونۇپ سۇنى قانغۇچە ئىچىپتۇ.
تاغىل سىيىرمۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. ئۇ ھايۋانلارنى
بېقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بوۋاي



ئاشۇرۇپ قويغان شورپىنى ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مېكىيان بىلەن خوراز بېشىنى قاناتلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ مۈگدەشكە باشلاپتۇ. تاغىل سىيىرىنىڭمۇ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىپتۇ.

— ئەمدى ئۇخلىساق بولار، — دەپتۇ قىز ۋە ئۇچىدىن

سوراپتۇ:

ئەي چىرايلىق مېكىيان،
رەڭدار تونلۇق خورازچاق.
ئېيتقىنچۇ تاغىل سىيىر،
بولارمۇ ئەمدى ئۇخلىساق؟

هايۋانلار جاۋاب بېرىپتۇ:

بوغۇز بەردىڭ يېگىلى،
سۇ بەردىڭ سەن ئىچكىلى.
بىشىمىزنى سىلىدىڭ،
راھەتلىنىپ ئۇخلىغىن.

كەنجى قىز ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى ئۆيگە چىقىپ مامۇق ياستۇقلارنى قېقىپ، كارىۋاتقا ئاپئاق كىرلىكلەرنى سايتۇ. ھەممە ئىشنى جاي-جايىدا تۈگىتىپتۇ. ئاندىن بوۋاي ئاپ-ئاق ساقاللىرىنى ساڭگىلىتىپ كارىۋاتقا چىقىپ يېتىپتۇ. كەنجى قىزمۇ يەنە بىر كارىۋاتقا يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

كەنجى قىز يېرىم كېچىگىچە خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ، يېرىم كېچىدىن كېيىن ئۆيدىكى تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ: ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىدىن غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ، ئىشىك تاراقشىپ ئېچىلغىنىچە تامغا ئۇرۇلۇپتۇ. تام - تورۇسلار ئۆرۈلۈۋاتقاندەك، پەلەمپەيلەر غۇلاۋاتقاندەك قاراس -

قورۇس ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. ئاندىن گۈلدۈر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خۇددى تورۇس گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك سادا چىقىپتۇ ـ دە، ئۆينىڭ ئىچى تىمتاس بولۇپ كېتىپتۇ. كەنجى قىزنىڭ ھېچ يېرى يارىلانماپتۇ، ئەكسىچە، ئۇ جىمجىت ياتقان پېتى يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك نۇرىنى چېچىپ قىزنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىپتۇ. قىز ئويغىنىپ نېمىنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئەپيۇھەنناس، ئۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ بېزەلگەن ھەشەمەتلىك بىر سارايدا ياتقۇدەك. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك دەرىجىدە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ چاقناپ تۇرغۇدەك. سارايىنىڭ تاملىرى يېشىل مەخمەل بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۈستىگە ئالتۇندىن گۈل چېكىلگەنىكەن. پىل چىشىدىن ياسالغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى قىپقىزىل ماۋۇق يوتقانلار ئوتقاشتەك تاۋلىنىدىكەن. كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا مەرۋايىتتىن توقۇلغان كەش تۇرغۇدەك. كەنجى قىز ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ، دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا رەتلىك كىيىنگەن ئۈچ دېدەك كىرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— بولدى قايتىڭلار، — دەپتۇ قىز ئۇلارغا، — مەن ھازىرلا تۇرۇپ بوۋايغا شورپا قاينىتىمەن. چىرايلىق مېكىيان، خوراز ۋە تاغىل سىيىرلارغا يەم بېرىمەن.

ئۇ بوۋاي بۇ چاغقا تۇرغاندۇر، دەپ ئويلاپ ياندىكى كارىۋاتقا قاراپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدا ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئە-

مەس، بەلكى ياپياش، چىرايلىق بىر يىگىتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە يىگىت ئويغىنىپ دەپتۇ:

— مەن ئەسلىي شاھزادە ئىدىم، قارانىيەت جادۇگەر موماي مېنى ئاپئاق ساقاللىق بوۋايغا ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇ قىلىن ئورمانغا بەند قىلىۋەتكەنىدى. خورازغا، مېكيانغا ۋە تاغىل سىيىرغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئۈچ خىزمەتكارىمدىن باشقا ھېچكىم ماڭا يېقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت ئادەمزاتقىلا ئەمەس، ھايۋانلارغىمۇ كۆيۈنىدىغان، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان بىرەر ئاق كۆڭۈل قىز بىز تۇرغان يەرگە كەلگەندىلا، جادۇگەرنىڭ جادۇسى كاردىن چىقاتتى. ئۇ قىز دەل سىز ئىدىڭىز. تونۇگۈن يېرىم كېچىدىن كېيىن سىز بىزنى جادۇدىن ئازاد قىلدىڭىز، قەدىمكى ئورماندىكى بۇ كەپە يېڭىۋاشتىن سەلتەنەتلىك ئوردىغا ئايلاندى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپتۇ. شاھزادە دەرھال خىزمەتكارلىرىنى مەپىنى قېتىپ بېرىپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تويغا چىللاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

— مېنىڭ ئاچىلىرىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ كەنجى قىز.

— مەن ئۇلارنى گەمىگە سولاپ قويدۇم. ئەتە ئۇلارنى ئورمانغا ئاپىرىپ ياغاچكۆمۈر كۆيدۈرۈشكە سالماقچىمەن. قاچانكى ئۇلار خاتالىقىنى تونۇپ، ھايۋانلارنى ئاچ قويمايدىغان ھالغا كېلىدىكەن، شۇ چاغدا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

# بۆرە بىلەن ئۆغلاقلار

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا بىر قېرى ئۆچكە ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان يەتتە ئوغلى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئورمانغا بېرىپ يېگۈدەك بىرنەرسە تېپىپ كەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا ئوغلاقلىرىغا:

— جېنىم بالىلىرىم، مەن ئورمانغا كېتىۋاتىمەن، سىلەر بۆرىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ناۋادا بۆرە ئۆيگە كىرىۋالسا سىلەرنى يەۋېتىدۇ. ئۇ ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىپ باشقىلارنى ئالدايدۇ. لېكىن، سىلەر ئۇنىڭ قوپال ئاۋازى بىلەن قاپقارا پۇتىغا قاراپلا بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر، — دەپتۇ.

— سۆيۈملۈك ئاپا، بىز چوقۇم ئېھتىيات قىلىمىز، سىز خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، — دەپتۇ ئوغلاقلار.

قېرى ئۆچكە خاتىرجەم بولۇپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىرى ئىشىكنى قېقىپ:

— ئوماق بالىلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن كەلدىم، سىلەرگە ياخشى نەرسە ئەكەلدىم، — دەپتۇ.

ئەمما، ئوغلاقلار ئۇنىڭ قوپال ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ.



— سەن بىزنىڭ ئاپىمىز ئەمەس، ساڭا ئىشىكنى ئاچ-
مايمىز. ئاپىمىزنىڭ ئاۋازى شۇنداق مۇلايىم، يېقىملىق،
سېنىڭكىدەك قوپال ئەمەس، سەن دېگەن بۆرە، — دەپتۇ

ئوغلاقلار.

بۆرە يۇگۇرگىنىچە بېرىپ سودىگەردىن ئازراق زاماسكا سېتىۋاپتۇ ـ دە، ئۇنى يەپ ئاۋازىنى خېلى سىلىقلاشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئاندىن كېلىپ يەنە ئىشىكنى قېقىپتۇ:

ــ ئوغلاقلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن كەلدىم، سىلەرگە ياخشى نەرسە ئەكەلدىم.

ئەمما، ئوغلاقلار ئۇنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە ئېلىۋالغان قاپقارا پۇتلىرىغا قاراپلا:

ــ ياق، ئىشىكنى ئاچمايمىز، ئاپىمىزنىڭ پۇتى سېنىڭكىدەك قارا ئەمەس، سەن دېگەن بۆرە، ــ دەپتۇ.

بۆرە يۇگۇرگىنىچە بولكىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ پۇتۇم سۇرۇلۇپ قاناپ كەتتى. ئازراق خېمىر چاپلاپ قويساڭ، ــ دەپتىكەن، بولكىچى ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئازراق خېمىر چاپلاپ قويۇپتۇ.

بۆرە يەنە تۇگمەنچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ پۇتۇمغا ئازراق-ئۇن سېپىپ قويساڭ، ــ دەپتۇ. ئۇنىڭ باشقىلارنى ئالدىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن تۈگمەنچى ئۇنىماپتۇ.

ــ سەپمەي باقە قېنى، قوۋۇرغىلىرىڭنى چايناپ پۇركۇۋەتمەيدىغان بولسام، ــ دەپ ھۆركىرەپتۇ بۆرە.

تۈگمەنچى قورقۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ پۇتىنى ئۇن سېپىپ ئاقارتىپ قويۇپتۇ. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ پۇتى ئاق بولىدۇ ـ دە.

شۇنىڭ بىلەن ئالدامچى بۆرە ئوغلاقلارنىڭ ئىشىكىنى يەنە قېقىپتۇ:

— ئوماق ئوغلاقلىرىم، ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن كەل-دىم، ئورماندىن ياخشى نەرسە ئەكەلدىم.

— پۇتۇڭنى بىزگە كۆرسىتىپ باق، سەن ئاپىمىزمۇ، ئەمەسمۇ شۇنىڭغا قاراپ بىلىۋالايلى، — دەپتۇ ئوغلاقلار.

بۆرە پۇتىنى دېرىزە تەكچىسىگە ئاپتۇ. ئوغلاقلار ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئاپئاقلىقىنى كۆرۈپ ئاپىمىز كەپتۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ ساپتۇ. لېكىن، ئىشىكتىن ئاپىسى ئەمەس، بەلكى بۆرە كىرىپ كەپتۇ. قورقۇپ كەتكەن ئوغلاقلار جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئېتىشىپتۇ. بىرى ئۈستەلنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ، يەنە بىرى كارىۋاتقا چىقىۋاپتۇ، ئۈچىنچى ئوغلاق ئوچاقنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈپتۇ، تۆتىنچى ئوغلاق ئاشخانىغا كىرىۋاپتۇ، بەشىنچىسى ئىشكاپنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالسا، ئالتىنچىسى كىر يۇيىدىغان داسنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ، يەتتىنچى ئوغلاق بولسا، تام سائىتىنىڭ قېپىغا يوشۇرۇنۇپتۇ. لېكىن، بۆرە ئۇلارغا قىلچىمۇ رەھىم قىلماي ھەممىسىنى يالماپ يۇتۇپتۇ. بۆرە سائەتنىڭ قېپىغا كىرىۋالغان ئەڭ كىچىك ئوغلاقنى كۆرمەي قالغاچقا، پەقەت شۇلا ئامان قاپتۇ. بۆرە قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ھايال ئۆتمەي ئانا ئۆچكە ئورماندىن قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە

كىرىپلا نېمىلەرنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇرغۇدەك. ئۈستەل - ئورۇندۇقلار يەردە قالايمىقان ياتقۇدەك. كىر يۇيىدىغان داسمۇ تېشىلىپ كەتكەن، كارىۋاتتىكى ياستۇق، ئورۇن - كۆرپىلەر ھەريان چېچىلغان. ئۇ يەتتە بالىسىنى ئىزدەپ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ئۇ ئوغلاقلىرىنىڭ ئىسمىنى نۆۋەت بىلەن چاقىرىپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچ يەردىن سادا كەلمەپتۇ. ئاخىردا ئۇ ئەڭ كىچىك ئوغلىقىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپتىكەن.

«جېنىم ئاپا، مەن سائەت قېپىنىڭ ئىچىدە» دېگەن ئاۋاز ئارانلا ئاڭلىنىپتۇ.

ئانا ئۆچكە ئۇنى سائەت قېپىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇپتۇ. ئەڭ كىچىك ئوغلاق ئاپىسىغا، بۆرىنىڭ قانداق كىرگەنلىكىنى، بىر تۇغقانلىرىنى قانداق يەۋەتكەنلىكىنى ئېقىتماي - تېمىتماي سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىلەر ئانا ئۆچكىنىڭ بالىلىرىنىڭ دەردىدە قانچىلىك يىغلاپ - قاقشىغىنىنى ئېيتمىساقمۇ بىلىۋالالايسىلەر.

ئۇ زار - زار يىغلىغىنىچە سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ، ئەڭ كىچىك ئوغلاقمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلماي كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار ئوتلاققا كېلىپ، بۆرىنىڭ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تارتقان خورىكىدىن دەرەخمۇ لىڭشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئانا ئۆچكە بۆرىگە تازا سىنچىلاپ قارىسا، بۆرىنىڭ قورسىقى مىدىرلاپ تۇرغۇدەك.



«يائاللا، بۆرىگە كەچلىك غىزا بولغان بىچارە بالىلىرىم تېخى تىرىكمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپتۇ ئانا ئۆچكە.

ئوغلاق يوگۈرگىنىچە ئۆيگە بېرىپ قايچا، يىپ ـ يىڭنە ئېلىپ كەپتۇ. ئانا ئۆچكە ۋەھشىي بۆرىنىڭ قورسىقىنى يې- رىشىغا بىر ئوغلاق بېشىنى لىپپىدە چىقىرىپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ چوڭراق كېسىپتىكەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئالتە ئوغلاق كەينى ـ كەينىدىن سەكرەپ چى- قىپتۇ، چىققاندىمۇ ساق ـ سالامەت چىقىپتۇ. چۈنكى، ئې- چىرقاپ كەتكەن ئاچ كۆز بۆرە ئۇلارنى چاينىمايلا يۇتۇۋەتكە- نىكەن. ئوغلاقلار مېھرىبان ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، خۇددى بايرام بولغاندەك خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ.

— بالىلىرىم، چاپسان بېرىپ تاش تېرىپ كېلىڭلار. بۇ

ئەبلەخ ئۆخلاۋاتقان چاغدىن پايدىلىنىپ قورسىقىنى تاش بى-
لەن توشقۇزۇۋېتەيلى، — دەپتۇ ئانا ئۆچكە.

يەتتە ئوغلاق قىيغىتقىنىچە بېرىپ نۇرغۇن تاش تېرىپ
كەپتۇ ـ دە، بۆرىنىڭ قورسىقىغا پېتىشىچە تىقىپتۇ. ئاندىن
ئانا ئۆچكە بۆرىنىڭ قورسىقىنى تىكىۋېتىپتۇ. بۆرە شۇ
چاغقىچە ھېچنېمىنى تۇيماي بەخىرامان ئۇخلاۋېرىپتۇ.

بۆرىنىڭ ئۇيقۇسى قېنىپ ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئۇسساپ كې-
تىپ سۇ ئىچكىلى قۇدۇق بېشىغا بېرىپتۇ. ئۇ ھەر بىر
قەدەم ئالغاندا، قورسىقىدىكى تاشلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇ-
لۇپ شاراق ـ شۇرۇق ئاۋاز چىقىرىدىكەن. بۇنىڭدىن ھەيران
بولغان بۆرە دەپتۇ:

قورسىقىمدا نېمىدۇر،
شاراق ـ شۇرۇق قىلىدۇ.
يېگىنىم ئوغلاق دېسەم،
ھەممىسى تاش ئىكەنغۇ !

ئۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا كەپتۇ ۋە سۇ ئىچمەكچى بولۇپ
شۇنداق ئېڭىشىپتىكەن، قورسىقىدىكى تاشنىڭ سالمىقى
بېسىپ كېتىپ، پولتۇڭڭىدە قىلىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كې-
تىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغلاقلار «بۆرە ئۆلدى ! خوپ
بولدى !» دەپ چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپتۇ ۋە ئانىسى بىلەن
بىللە قۇدۇقنى چۆرگىلەپ ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ.



## بىرېمېن[1] شەھىرىنىڭ سازەندىلىرى

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئېشەك بولغانىكەن. ئۇ ئېشەك ھاردىم ـ ئاچتىم دېمەي، تاغار ـ تاغار ئۆگۈتنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ تارتىپ كېلىدىكەن. نەدە ئېغىر ئىش بولسا، شۇنى قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئېشەكمۇ يىلسايىن ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. ئاخىرىغا بېرىپ ئىگىسىگە ئەسقاتمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئىگىسى ئۇنى ئېغىلدىن ھەيدەپ چىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇنىڭ شەپىسىنى

---

① بىرېمېن — گېرمانىيىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.



سىزنى قالغان ئېشەك برىمىن شەھەرگە قېچىپ بېرىپ سازەندە بولماقچى بوپتۇ. ئۇ مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە، يولدا ئەسنەپ ياتقان بىر تايغانغا يولۇقۇپتۇ. تايغان چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىكەن.

ــ تايغان ئاداش، نېمىشقا ئەسنەپ ياتىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئېشەك.

ــ گەپ قىلما، ئېشەكباي، ــ دەپتۇ تايغان ھەسرەت بىلەن، ــ قېرىدىم ـ چىرىدىم، كۆچۈمدىن قېلىپ ئوۋغا يارىماس بولۇپ قالدىم. ئىگەم مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكـ چى بولۇۋىدى، ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. ئەمدى جېنىمنى قانداق بېقىشنى بىلمەي بېشىم قېتىپ مۇشۇنداق ئەسنەپ يېتىپتىمەن.

ــ ماڭا قارا، ــ دەپتۇ ئېشەك، ــ مەن بىرىمىن



شەھىرىگە بېرىپ سازەندە بولماقچى. يوّر مەن بىلەن، سەنمۇ سازەندە بولغىن. مەن چالغۇ چالاي، سەن ناغرا چال.

تايغان ماقۇل بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ماڭماي ئۇلارغا يول بويىدا غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرغان بىر مۈشۈك ئۇچراپتۇ.

— مۈشۈكباي، سېنىڭ بېشىڭغا قانداق كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ ئېشەك.

— ھاياتىم قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندا كۆڭلۈمگە نېمە سىغسۇن؟ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ، چىشلىرىم گاللىشىپ قالغاچقا چاشقان تۇتالمايدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئوچاقنىڭ يېنىدا خورەك تارتىپ ئۇخلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. ئۆي ئىگىسى ئايال مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. قېچىپ چىقىشنىغۇ قېچىپ چىقتىم. بىراق نەگە بېرىپ،



نەدە تۇرۇشۇمنى بىلەلمەي بېشىم قېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مۇشۇك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— بىز بىلەن بىرگە بىرېمېن شەھىرىگە بېرىپ سازەندە بولغىن. سەن كېچىسى ساز چالالايسەن ئەمەسمۇ.

مۇشۇك بۇ مەسلىھەتنى لايىق تېپىپ ئۇلارغا قېتىلىپ مېڭىپتۇ، جان بېقىش يۈچۈن ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلغان بۇ ئۈچ مۇساپىر يولدا بىر جاگىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. قارىسا، بىر خوراز جېنىنىڭ بارىچە چىللاۋاتقۇدەك.

— نېمانداق ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك چىللايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئېشەك.

— ئەتە يەكشەنبە كۈنى ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى. باغرى تاش ئايال خوجايىن مېنى مېھمانلارغا شورپا قىلىپ بەرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئاشپەز خوتۇننى

بۇيرۇدى. ئاشپەز خوتۇن بۇگۇن ئاخشام كاللامىنى ئالىدۇ. شۇڭا، ئۆلۈش ئالدىدا قانغۇچە چىلىلىۋالاي دەيمەن، — دەپتۇ خوراز.

— ھەي قىزىل تاج، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ بىز بىلەن بىللە برېمېن شەھىرىگە بار. ئۇ يەردە ئۆلۈمدىن ئەۋزەلرەك بىر يول تېپىلىپ قالار. سېنىڭ ئاۋازىڭ ياخشى، بىز بىلەن بىللە ئويۇن قويساڭ تازا قاملىشىدۇ، — دەپتۇ ئېشەك.

بۇ گەپ خورازغا خوپ يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆتى يولغا راۋان بوپتۇ.

برېمېن شەھىرى يىراق ئىكەن. ئۇلار ھەرقانچە تېز ماڭسىمۇ ئۇ يەرگە شۇ كۈنىلا يېتىپ بارالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئورماندا تۈنىمەكچى بوپتۇ. ئېشەك بىلەن تايغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا يېتىپتۇ. مۈشۈك دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا چىقىۋاپتۇ. خوراز ئەڭ بىخەتەر، دەپ دەرەخنىڭ ئۇچىغا چىقىپ يېتىپتۇ. ئۇلار ئۇخلاشتىن ئىلگىرى خوراز ئەتراپىنى كۆزىتىپ يىراقتا پىلدىرلاۋاتقان ئوتنى كۆرۈپتۇ -دە، ئەتراپتا ئۆي بار ئىكەنلىكىدىن ھەمراھلىرىنى خەۋەردار قىپتۇ.

— ئەمىسە، بىز شۇ يەرگە بېرىپ تۈنەيلى، بۇ جايىمىز تازا ئەپلەشمىدى، — دەپتۇ ئېشەك. ئۇ يەردە ئاز - تولا گۆشى بار سۆڭەك ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلاپ-تۇ تايغان ۋە ئۇ يەرگە بېرىشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوت كۆرۈنۈۋاتقان يەرگە قاراپ مېڭىپ-

تۇ. ئوت ئۇلارغا بارغانسېرى يورۇق كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار چىراغ يېنىپ تۇرغان بىر ئۆيگە كېلىپ قاپتۇ. ئۆيدە قاراقچىلار بار ئىكەن. ئېشەك ھەممىسىدىن ئېگىز بولغاچقا، ئۆيگە دېرىزىدىن ماراپتۇ.

— ئېشەك، نېمىنى كۆردۈڭ؟ — دەپ سوراپتۇ خوراز.

— نېمىنى كۆردۈڭ دەمسىنا؟ — دەپتۇ ئېشەك، — ئۈستەلگە ھەر خىل ياخشى تائاملار بىلەن ئېسىل ھاراقلار توشۇپ كېتىپتۇ، قاراقچىلار ھەدەپ قورساق تويدۇرۇش بىلەن ئاۋارە.

— ئىلاھىم، شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بول-غاي، — دەپتۇ خوراز.

— ئوھوي، راست، راست دەيسەن، خۇدايىم بۇيرۇسا بىزمۇ ئاشۇ داستىخانغا داخىل بولارمىز، — دەپتۇ ئېشەك.

ئۇلار قاراقچىلارنى قانداق قىلىپ قوغلىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتكە چۈشۈپتۇ، ئاخىر ياخشى بىر چارە ئويلاپ تې-پىپتۇ: ئېشەك ئالدىنقى پۇتلىرىنى دېرىزە تەكچىسىگە قويىدىغان، تايغان ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە، مۈشۈك تايغاننىڭ دۈمبىسىگە چىقىدىغان، خوراز مۈشۈكنىڭ بېشىغا قونىدىغان بوپتۇ. ئۇلار تەييارلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرلا بەلگە بىلەن تەڭ نېمە ئىش قىپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئېشەك ھاڭراپتۇ، مۈشۈك مىياڭلاپتۇ، خوراز چىللاپتۇ، تايغان قاۋاپتۇ. ئۇلار ئاشۇنداق شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى جاراڭشىتىپ سۇندۇرۇپ ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. بۇ

ئاۋازلاردىن قورقۇپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالغان قاراقچىلار جىن ـ ئالۋاستىلار كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي ئورمانغا قاراپ قېچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆت ھەمراھ داستىخاندا ئولتۇرۇپ، نازۇنېمەتلەرنى خۇددى بىر ئاي ئاچ قالغاندەك ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ.

تۆت سازەندە قورساقلىرىنى توقلىغاندىن كېيىن چىراغنى ئۆچۈرۈپتۇ ـ دە، ھەرقايسىسى ئۆگەنگەن خۇيى بو-يىچە ئۆزىگە ئەپلىك جاينى تېپىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئېشەك قىغ دۆۋىسىنىڭ تۆپىسىدە، تايغان ئىشىكنىڭ كەينى-دە، مۈشۈك ئوچاقتىكى ئىسسىق كۈلنىڭ ئۈستىدە، خوراز لەمپىدە يېتىپ شېرىن چۈشلىرىنى باشلاپتۇ. چۈنكى، ئۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن ـ دە.

يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قاراقچىلار ئۆيىنىڭ قاراڭغۇ ھەم تىنچتىنچ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قاپتۇ.

— ئەمدى قورقمىساقمۇ بولغۇدەك، — دەپتۇ قاراق-چىلارنىڭ باشلىقى ۋە بىر قاراقچىنى بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. قاراقچى ئۆينىڭ يېنىغا كەپتۇ، ھېچ-قانداق سادانىڭ يوقلۇقىغا قاراپ خاتىرجەم بوپتۇ. ئاندىن چىراغنى ياندۇرماقچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، مۈ-شۈكنىڭ قاراڭغۇدا پارقىراپ تۇرغان كۆزىنى چوغ دەپ ئويلاپ، قولىدىكى گۈگۈرتنى ئۇنىڭغا شۇنداق تەگكۈزۈپتى-كەن، چاقچاق بىلەن ئېپى كېلىشمەيدىغان مۈشۈك ئېتى-

لىپلا ئۇنىڭ يۈزىنى مورلاپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىپتۇ. قاراقچى بەكمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئارقا ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتىكەن. ئىشىكنىڭ كەينىدە ياتقان تايغان كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ پۇتىدىن ئاپتۇ. ئۇ ئالمان ـ تالمان قېچىپ هويلىغا چىقىپتىكەن، قىغنىڭ تۆپىسىدە ياتقان ئېشەك ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى تېپىپتۇ. بۇ گۇلدۇر ـ غاراستىن ئويغىنىپ كەتكەن خوراز «قى ـ قى ـ قىق» قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن چىللاپتۇ.

قاراقچى قورقۇنچتا ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ ۋە بىرىپ باشلىقىغا:

ـــ يارەببىم، ئۇ يەردە بەكمۇ ياۋۇز بىر جادۇگەر بار ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ پىشقىرغىنىچە ماڭا ئېتىلىپ، ئۇزۇن تىرناقلىرى بىلەن مورلاپ يۈزۈمنى تىتىۋەتتى. ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىرى پاچىقىمغا پىچاق سالدى؛ هويلىدا ياتقان قاپقارا غەلىتە بىر مەخلۇق توقماق بىلەن بېشىمغا ئۇردى؛ ئۆگزىدە ياتقان بىر سوتچى: «بۇ خۇنپەرنى دەرهال تۇتۇڭلار» دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئالدى ـ كەينىمگە قارىماي قېچىپ كەلدىم، ـــ دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراقچىلار ئۇ ئۆيگە دەسسەشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. بىرېمېن شەھىرىنىڭ تۆت سازەندىسى باشقا هېچ يەرگە بارماي شۇ يەردە خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە هەممىدىن ئۇزاق ياشاپ، كىشىلەرگە بۇ چۆچەكنى ئېيتىپ بەرگىنى تېخى هاياتمىش.

# ئەتىرگۈل مەلىكە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بىلەن خانىش ئۆتكە-نىكەن. ئۇلار پەرزەنتسىزلىك ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان، ئۇلار ئولتۇرسا - قوپسا پەرزەنتلىك بولۇشنىڭ غېمىدە ئىكەن.

بىر كۈنى خانىش يۇيۇنۇۋاتسا، سۇدىن بىر پاقا چىقىپ شۇنداق دەپتۇ:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىلىگەن تىلەكلىرىڭلار يېتىـ-دىغان بولدۇڭلار. بىر يىلغا قالماي سىز بىر قىز تۇغىسىز.

پاقىنىڭ دېگىنى راست بولۇپ چىقىپتۇ. خانىش ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق بىر قىز تۇغۇپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قاپتۇ - دە، قىزى ئۇچۇن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇ بۇ زىياپەتكە ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنى چاقىرتىپلا قالماي، قىزىغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىسۇن دەپ ھۆكۈما ئاياللارنىمۇ چاقىرىپتۇ. بۇ ئەلدە ھۆكۈما ئايالدىن ئون ئۈچى بار ئىكەن. لېكىن، ئوردىدا ئۇلارغا تاماق بەرگۈدەك ئالتۇن تاۋاقتىن ئاران ئون ئىككىسى بار ئىكەن. شۇڭا، پادىشاھ ھۆكۈما ئاياللارنىڭ ئون ئىككىسىنى چاقىرىپ، بىرىنى ئايرىپ قويۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

كاتتا زىياپەت باشلىنىپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشاي دېگەن-دە، ئايال ھۆكۈمالار قىزچاققا كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان ئېسىل سوۋغاتلارنى سوۋغا قىلىشقا باشلاپتۇ: بىرىنچى ئايال ئۇنىڭغا ئەدەپ - ئەخلاقنى سوۋغا قىپتۇ. ئىككىنچىسى گۈزەللىكنى، ئۈچىنچىسى تۈگىمەس بايلىقنى، قالغانلىرى كىشىلەر ئارمان قىلىدىغان، ئەمما يېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنى سوۋغا قىپتۇ. ئون بىرىنچى ھۆكۈما ئايال بوۋاقنى مۇبارەكلەپ تۇرۇشىغا، ئون ئۈچىنچى ھۆكۈما ئايال ئوردىغا شاپاشلاپ كىرىپ كەپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىنى قاتاردىن چۈشۈرۈپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆچ ئالماق بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئۇيان - بۇيان قارىماي، ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلماي، ئۇدۇل كەلگىنىچە زىياپەت زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ۋارقىراپتۇ:

— مەلىكە ئون بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇرچۇققا تېگىپ يىقىلىپ ئۆلىدۇ!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئالدى - كەينىگە قارىماي غۇيۇلداپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاقنى مۇبارەكلەشكە ئۈلگۈرمىگەن ئون ئىككىنچى ھۆكۈما ئايال ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ. ئۇ بايىقى ھۆكۈما ئايالنىڭ جادۇسىنى يوق قىلالمايدىكەن، ئەمما ئۇنى سەل ئاجىزلاشتۇرالايدىكەن.

— مەلىكە يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلمەيدۇ، ئەمما شۇ يىقىلغىنىچە يۈز يىل ئۇخلايدۇ، — دەپتۇ ئۇ.

پادىشاھ جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان قىزىنىڭ پېش-



كەللىككە ئۇچرىشىدىن ئەنسى-
رەپ، دۆلەتتىكى ئورچۇقلارنىڭ
ھەممىسىنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋې-
تىڭلار، دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.
ئايال ھۆكۈمالارنىڭ قىلغان
سوۋغاتلىرى مەلىكىنىڭ جىسمىغا مۇجەسسەم بولۇپ ئۆز
كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ: ئۇ شۇنچىلىك ساھىبجا-
مال، ئەقىللىق، مۇلايىم ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىق چوڭ بوپتۇ.
شۇڭا، ئۇنىڭغا ھەممە ئادەم ئامراق ئىكەن.

ئۇ دەل ئون بەش ياشقا كىرگەن كۈنى، پادىشاھ بىلەن خانىش سىرتقا چىقىپ كېتىپ ئوردىدا مەلىكە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ زېرىكىپ كېتىپ ئوردىنى ئۆزى يالغۇز ئارىلاشقا باشلاپ-تۇ. توساتتىن قەدىمكى بىر قوڭغۇراق راۋىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ - دە، ئايلانما پەلەمپەي بىلەن راۋاقنىڭ ئۇس-تىگە چىقىپ، بىر كىچىك ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مەلى-كە قارىسا ئىشىككە داتلىشىپ كەتكەن بىر قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئاچقۇچ قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىدە تۇرغۇدەك. قىز ئاچ-

قوچنى تولغاپتىكەن، كىچىك ئىشىك ئېچىلىپتۇ. مەلىكە ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر موماي يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغۇدەك.

— موما، قانداق ئەھۋالىڭىز، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— يىپ ئېگىرىۋاتىمەن، قىزىم — دەپتۇ موماي.

— قانداق نەرسە بۇ، ئەجەب قىزىق چۆرگىلەيدىكەنا؟ — دەپتۇ مەلىكە ۋە ئۇرچۇقنى ئېلىپ يىپ ئېگىرمەكچى بوپتۇ.

ئۇ قولىنى ئۇرچۇققا تەگكۈزۈشىگە جادۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ، ئۇرچۇق مەلىكىنىڭ قولىنى تېشىۋېتىپتۇ.

مەلىكە شۇ يەردىكى كارىۋاتقا يىقىلغان پېتى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بۇ ئۇيقۇ پۈتۈن ئوردىدىكىلەرگە يۇقۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئوردىغا قايتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇشىغا ئۇيقۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. باشقا ئادەملەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا قىسمەتكە ئۇچراپتۇ. ئېغىلدىكى ئات، ھويلىدىكى ئىت، ئۆگزىدىكى كەپتەر، تامدىكى چىۋىنلاردىن تارتىپ ئوچاقتا كۆيىۋاتقان ئوتقىچە قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. قازاندىكى مايدا پاژىلداپ قورۇلۇۋاتقان گۆشمۇ قورۇلۇشتىن توختاپتۇ. ئاشخانىدىكى بىر بالا خاتا ئىش قىلىپ قويغاندىكەن، ئاشپەز ئۇنىڭ چېچىدىن ئالماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرگەن پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ. چىقىۋاتقان شامالمۇ توخ-



تاپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى تىمتاسلىقتا چۆمۈپتۇ.

ئوردىنىڭ ئەتراپىدا ئەتىرگۈل ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئوردى-نى چۆرىدەپ ئەتىرگۈل قاشاسى ھاسىل بوپتۇ. بۇ ئەتىرگۈل-لەر يىلدىن ـ يىلغا ئاينىپ، ئاخىر ئوردا كۆرۈنمىگۈدەك دەرىجىدە ئېگىزلەپتۇ. ھەتتا ئۆگزىدىكى بايراقمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدە ئۇيقۇدا ياتقان گۈزەل ئەتىر-گۈل مەلىكە (پۇقرالار مەلىكىنى شۇنداق ئاتىشىدىكەن) توغ-رىسىدىكى ئاجايىپ رىۋايەت ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ

يۇرىدىغان بوپتۇ. بۇ يەرگە تەرەپ - تەرەپتىن شاھزادىلەر كېلىدىكەن. ئۇلار ئەتىرگۈل قاشاسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئوردىغا كىرمەكچى بولىدىكەنۇ، مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي كەينىگە يېنىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. چۈنكى، ئەتىرگۈللەر مەھكەم گىرەلىشىۋېلىپ ئۇلارنى ئۆتكۈزمەيدىكەن.

نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ بۇ ئەلگە بىر شاھزادە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بىر ئاقساقالدىن ئەتىرگۈل قاشاسى، قاشا ئىچىدىكى ئوردا، ئوردىدا يۈز يىلدىن بېرى ئۇخلاپ ياتقان ئەتىرگۈل مەلىكە، پادىشاھ بىلەن خانىش ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئاڭلاپتۇ. ئاقساقال ئۆز زامانىسىدا بوۋىسىدىن نۇرغۇن شاھزادىلەرنىڭ قاشادىن ئۆتۈپ ئوردىغا كىرمەكچى بولغىنىنى، بىراق ئەتىرگۈل قاشاسىنىڭ ئۇ شاھزادىلەرنى ئۆتكۈزمىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىغانىكەن.

— قورقمايمەن، — دەپتۇ شاھزادە، — مەن ئوردىغا كىرىپ گۈزەل ئەتىرگۈل مەلىكىنى كۆرىمەن.

ياخشى نىيەتلىك ئاقساقال ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ شاھزادىنى نىيىتىدىن ياندۇرالماپتۇ.

بۇ چاغدا يۈز يىل توشۇپ، ئەتىرگۈل مەلىكىنىڭ ئويغىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغانىكەن. شاھزادە ئەتىرگۈل قاشاسىنىڭ يېنىغا بېرىپتىكەن، پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن چىرايلىق ئەتىرگۈللەر ئۆزلۈكىدىن ئىككى تەرەپكە يېتىپ ئۆتۈشكە يول ئېچىپ بېرىپتۇ. شاھزادە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە قايتىدىن ئەتىرگۈل قاشاسىغا ئايلىنىپتۇ.



شاھزادە ئوردا ئىچىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، ئات بىلەن
ئالا ئىت يەردە يېتىپ، ئۆگزىدىكى كەپتەر تۇمشۇقىنى قانى-
تىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۆينىڭ ئىچىگە كى-
رىپ قارىغۇدەك بولسا، چىۋىنلار تامغا چاپلاشقان پېتى،
ئاشخانىدىكى ئۇستام بالىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈر-
گەن پېتى ئۇخلاۋاتقانمىش، خىزمەتكار ئايالمۇ قارا خورازنى
يۇڭداۋاتقىنىچە ئۇخلاپ قاپتۇدەك. شاھزادە يەنىمۇ ئىچكىرى-
لەپ ئوردىغا كىرىپتۇ. قارىسا بۇ يەردىمۇ پۈتۈن ئادەم
ئۇخلاۋاتقان، پادىشاھ بىلەن خانىشمۇ تەختىنىڭ ئۈستىدە
ئۇخلاپ ياتقانمىش. شاھزادە ئوردىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ
مېڭىۋېرىپتۇ. ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىكەنكى، شاھزا-
دىنىڭ تىنىقىمۇ ئۆزىگە ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. ئاخىردا

شاھزادە قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئەتىرگۈل مەلىكە ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپتۇ. كارىۋاتتا ياتقان ئەتىرگۈل مەلىكە شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، شاھزا-دە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاپتۇ. ئۇ ئېڭىشىپ ئەتىر-گۈل مەلىكىنى سۆيۈپتۇ.

شاھزادىنىڭ سۆيۈشى بىلەن تەڭ ئەتىرگۈل مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ شاھزادىگە مېھىر بىلەن قاراپتۇ. ئىككىيلەن قول تۇتۇشقان پېتى قوڭغۇراق راۋىقىدىن پەسكە چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا پادىشاھ، خانىش ۋە ئوردىدىكى ھەممە ئادەم ئويغى-نىپ، بىر ـ بىرىگە چەكچەيگىنىچە قاراپ قېلىشىپتۇ. ھويلى-لىدىكى ئات ئويغىنىپ سىلكىنىپتۇ، ئىتمۇ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئويناقلاشقا باشلاپتۇ، ئۆگزىدىكى كەپتەرلەرمۇ تۇمشۇقىنى قانىتىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ ئۆپچۆرىگە قاراپتۇ ۋە دالىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. تامدىكى چى-ۋىنلارمۇ مىدىراپتۇ. ئوچاقتىكى ئوت يالقۇنجاپ كۆيۈپ، گۆشمۇ پاژىلداپ قورۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئاشپەز ئۇستام بالى-نىڭ كاچىتىغا بىرنى سايتىكەن، ئۇ ۋارقىراپ يىغلاپ كې-تىپتۇ. خىزمەتكار ئايال خورازنى يۇڭداپ بوپتۇ. شاھزادە بىلەن ئەتىرگۈل مەلىكە ناھايىتى داغدۇغىلىق توي مۇراسى-مى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار تا قېرىپ ئۆلگۈچە بەختلىك، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ.

# بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر پادىشاھنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، ئەمما بەكمۇ تەكەببۇر بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويغان يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا نەزىرىنىمۇ سېلىپ باقمايدىكەن. ئۇ كەلگەن يىگىتلەرنى ياراتماي قايتۇرۇۋېتىدىغان، ئۇلارغا ھەر خىل لەقەملەرنى قويۇپ مازاق قىلىدىكەن. بىر قېتىم پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ قىزىغا كۆزى چۈشكەن يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوردىسىغا يىغىپتۇ. يىگىتلەر مەرتىۋىسى بويىچە قاتارغا تىزىلىپتۇ. ئەڭ ئالدىدا پادىشاھلار، ئۇلارنىڭ كەينىدە گېرتسوگ، ماركىز، گراف، بارونلار، ئەڭ ئاخىرىدا ئاقسۆڭەكلەر تۇرۇپتۇ. مەلىكە قاتار تۇرغانلارنى بىر باشتىن كۆرۈپ چىقىپتۇ. شۇنىڭدىمۇ ھەممىسىدىن بىرەر - يېرىم ئېۋەن تېپىپ ئۇلارنى ياراتماپتۇ. ئۇ بىرىنچى يىگىتنى «بەك سېمىز، كاۋا قورساق ئىكەن» دېسە، ئىككىنچىسىنى «ئۇزۇنتۇرا بىرنېمە ئىكەن، يول ماڭسا سۆۋادان تېرەكتەك لىڭشىيدىكەن»؛ ئۈچىنچىسىنى «پاكار ھەم سېمىز ئىكەن، بۇنداقلار زېرەك كەلمەيدۇ»؛ تۆتىنچىسىنى «چىرايى ئۆلۈك-



نىڭكىدەك تاتىراڭغۇ ئىكەن»؛ بەشىنچىسىنى «كۆركە توخۇ-
دەك قىپقىزىل ئىكەن» دەپتۇ. ئالتىنچىسىنىڭ قەددى -
قامىتى دىگەندەك رۇس ئەمەس ئىكەن، مەلىكە ئۇنى: «ئوچاق
بېشىدا تۇرۇپ قالغان ھۆل ياغاچ ئىكەن» دەپتۇ.

مەلىكە ھەممە ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ مازاق قىلىـ-
ۋېرىپتۇ. بولۇپمۇ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان، ئېڭىكى سەل قىڭ-
غىر، ئەمما ئاق كۆڭۈل بىر پادىشاھنى بەكرەك زاڭلىق قى-
لىپ كۈلۈپتۇ:

— ۋاي تووۋا قىپتىمەن، ئۇنىڭ ئېڭىكى بۇلبۇلنىڭ
تۇمشۇقىغا ئوخشايدىكىنە، ھا ... ھا ...

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ پادىشاھقا «بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ» دەپ لەقەم سىڭىپ قاپتۇ. ياشانغان پادىشاھ قىزىدىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقتىن ئۆزىنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى، شۇنچە لايىقنىڭ بىرەرىنىمۇ ياراتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەپتۇ ـ دە، خەپ، سېنى ئىشىك ئالدىغا سەدىقە تىلەپ كەلگەن تىلەمچىگە بېرىۋەتمىسەم، دەپ قەسەم قىلىۋېتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كوچىمۇكوچا ساز چېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان بىر تىلەمچى ئوردىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ناخشا ئېيتىپ سەدىقە تىلەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ تىلەمچىنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۈستۈبىشى جالدۇر ـ جۇلدۇر ۋە مەينەت تىلەمچى پادىشاھ بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە سەدىقە سوراپتۇ.

— ناخشاڭ مېنى بەكمۇ مەپتۇن قىلدى، شۇڭا قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنداق قىلماڭ، دەپ دادىسىغا يېلىنىپتۇ. ئەمما، پادىشاھ:

— مەن سېنى تىلەمچىگە بېرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن، قەسىمىمدىن يېنىۋالسام بولمايدۇ، — دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

مەلىكىنىڭ ھەرقانچە ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پادىشاھ پوپنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە نىكاھ ئوقۇتۇپ ئۇلارنىڭ توينى

قىلىپ قويۇپتۇ. تويدىن كېيىن پادىشاھ قىزنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— سەن ئەمدى تىلەمچىنىڭ ئايالى، ئوردىدا تۇرىۋەرسەڭ قاملاشمايدۇ. شۇڭا، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ ئېرىڭ بىلەن كۈنۈڭنى كۆر ئەت، — دەپتۇ.

تىلەمچى ئۇنى يېتىلىگەن پېتى ئوردىدىن ئاچىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكىمۇ ئىلاجسىز ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئۇلار يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر كۈنلەردە قېلىن ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ.

— ياھ، بۇ گۈزەل ئورمان كىمنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھنىڭ، سەن ئۇنىڭغا تەگكەن بولساڭ، بۇ ئورمان سېنىڭ بولاتتى.

— ئاھ خۇدا، مەندەك مەزلۇمە ئاجىز بەندەڭگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مېنى بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھقا نېسىپ قىلغايسەن، — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ مەلىكە.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بىر يايلاقتىن ئۆتۈپتۇ. مەلىكە يەنە:

— بۇ ياپيېشىل گۈزەل يايلاق كىمنىڭكى؟ — دەپ سوراپتىكەن، تىلەمچى:

— بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھنىڭ. ئۇنىڭغا تەگكەن بولساڭ، بۇ يايلاق سېنىڭ بولاتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئاھ خۇدا، مەندەك ئاجىز بەندەڭگە رەھىم قىلغايسەن. مېنى بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھقا ئاتا قىلغايسەن !

ئۇلار يەنە مېڭىپ بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

— بۇ گۈزەل شەھەر كىمگە تەئەللۇق؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

— بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھقا، ئۇنىڭغا تەگكەن بولساڭ، بۇ شەھەر سېنىڭ بولاتتى.

— ئاھ خۇدا، مېنى كەچۈرگىن، مېنى بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھقا خوتۇن قىلغىن !

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تىلەمچى خاپا بولۇپ:

— ھە دېسە باشقا بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولسام، دەپ يۈرسەنغۇ، ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈپ. مەن سېنى خارلاۋاتامدىمەن؟ — دەپتۇ.

ئۇلار ئاخىر بىر كىچىك كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

— ۋاي خۇدا، ئېمانچىۋالا كىچىك كەپە بۇ، بۇ قايسى بىچارىنىڭ كەپىسىدۇر؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە ھەيرانلىق بىلەن.

— مېنىڭ كەپەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز مۇشۇ كەپىدە ئۆي تۇتىمىز.

مەلىكە كەپىنىڭ ئىشىكىدىن ئېڭىشىپ كىرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:



— خىزمەتكار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە؟ خىزمەتكار دېدىڭمۇ؟ خىزمەتكار نېمە قىلىدۇ بۇ يەردە، لازىم بولسا ئۆزۈڭ قوپۇپ قىلىسەن. دەرھال ئوت ياق، ئاندىن سۇ ئەكېلىپ ئاش ئەت. ھېرىپ ھالىم قالمىدى، — دەپتۇ تىلەمچى.

ئۆمرىدە ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ باقمىغان مەلىكە ئاش ئېتىشنى ھېچ ئەپلەشتۈرەلمەپتۇ. ئاشنى تىلەمچى ئۆزى ئەتمەكتىن باشقا ئامال قالماپتۇ. ئۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئاشنى ئېتىپتۇ. ئۇلار قورساقلىرى ئاران - ئاران تويغۇدەك ئازغىنە ئاشنى يەپ ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگىنى تىلەمچى

ئۇنى ئۆي ئىشلىرىنى قىل، دەپ تۇرتۇپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. ئۇلار شۇنچە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، بىرنەچچە كۈن-دىن كېيىن يېمەك - ئىچمىكى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.

— خوتۇن، — دەپتۇ ئېرى، — يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ، سەن سېۋەت توقۇپ ساتقىن.

ئۇ چىقىپ سۆگەت تاللىرىنى كېسىپ كەپتۇ. مەلىكە بۇ تاللاردا سېۋەت توقۇشقا باشلاپتۇ. بىراق قاتتىق سۆگەت تاللىرى ئۇنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى تىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆر-گەن ئېرى:

— بۇ ئىشنى قىلالمىغۇدەكسەن. ياخشىسى، چاق ئې-گىر، — دەپتۇ.

مەلىكە چاق ئېگىرىشكە ئولتۇرۇپتىكەن، چاقنىڭ شا-نىسى ئۇنىڭ يۇمران بارماقلىرىنى كېسىپ قانىتىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېرى:

— خۇدا ئۇرۇپتۇ مېنى، قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەي-دىغان خوتۇن ئىكەنسەن، ئىست، سېنى ئالمىساممۇ بوپتى-كەن. ئەمدى مەن ساپالچىلىق قىلاي، مەن پىشۇرغان ساپال قاچىلارنى بازارغا ئاپىرىپ سات، — دەپتۇ.

«ۋاي شورۇم قۇرۇسۇن. دادامنىڭ دۆلىتىدىن كەلگەنلەر كۆرۈپ قالسا نېمىمۇ دەپ كېتەر - ھە؟» دەپ ئويلاپتۇ مەلىكە.

لېكىن، مۇشۇنداق جان باقماي ئامال يوق ئىكەن. بول-

مىسا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدى-
كەن. دەسلەپتە مەلىكىنىڭ چىرايىغا مەھلىيا بولغان خې-
رىدارلار ئۇنىڭ كوزا ـ كومۇلىرىنى ئېلىپ، قانچە پۇل دې-
سە شۇنچە پۇل بېرىپتۇ. ھەتتا پۇل بېرىپ ھېچنېمە ئالماي
كەتكەنلەرمۇ بوپتۇ. مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئېرى شۇ پۇللارغا
تايىنىپ كۈن ئاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكىنىڭ ئې-
رى يەنە بىرمۇنچە ساپال قاچىلارنى ئەكېلىپ مەلىكىنى سې-
تىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەلىكە بازارنىڭ چېتىدە تەنزە
ئېچىپ ساپال قاچىلارنى سېتىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا،
خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، بىر مەست چەۋەنداز ئېتىد-
نى چاپتۇرغىنىچە كېلىپ مەلىكىنىڭ ساپال قاچىلىرىنى
ئېتىغا دەسسىتىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكە
خاپىچىلىقتا يىغلىۋېتىپتۇ.

«ئاھ خۇدا ! — دەپتۇ ئۇ، — مەن شۇنچىۋالا بىتەلەيمۇ !
ئەمدى ئېرىمدىن تىل ـ ئاھانەت ئاڭلايدىغان بولدۇم !»

مەلىكە ئۆيگە كېلىپ بولغان ۋەقەنى ئېرىگە سۆزلەپ
بېرىپتۇ.

— ماۋۇ پالاكەتچىلىكنى كۆرمەمدىغان. كىم سېنى
بازارنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ سودا قىل، دېدى؟ يىغلاشتىن
باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان خوتۇن ئىكەنسەن. مەن پادى-
شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئاشخانىغا خىزمەتكار ئالامسىلەر،
دەپ سورىغانىدىم. ئۇلار سېنىڭ ئاشخانىدا ئىشلىشىڭگە ئۇ-

نىدى. خىزمىتىڭنىڭ بەدىلىگە قورسىقىڭنى باقىدىغان بولدى، — دەپتۇ ئېرى.

شۇنداق قىلىپ مەلىكە ئاشخانىدا يۈگۈر - يېتىم ئىش قىلىدىغان خىزمەتكارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئاشقان - تاشقان تا-ماقلارنى ياغاچتىن ياسالغان قاچىلارغا سېلىپ كىيىمىنىڭ ئىچىگە ئېسىۋالىدىكەن ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئەكېتىپ قورسىقى-نى باقىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويى بوپتۇ. بە-چارە مەلىكە توي كۆرۈش ئۈچۈن شاھ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرۇپتۇ. قارىسا ئوردا ئىچى ئاجايىپ بېزەلگەن، ھەر خىل زىبۇزىننەتلەرنى تاقىغان، بىر - بىرىدىن پۇزۇر كىيىنگەن مېھمانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ مۇشۇ خورلۇققا، مۇشۇنداق يوقسۇز-لۇققا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان تەكەببۇرلۇقىغا لەنەتلەر ياغدۇرۇپتۇ. زىياپەتكە توشۇلۇۋاتقان نازۇنېمەتلەرنىڭ پۇرىقىدىن مەلىكە بىھوش بوپتۇ. مۇلازىملار بەزىدە ئۇنىڭغا ئېشىپ قالغان سەي - تاماقلاردىن ئانچە - مۇنچە بېرىپ قويىدىكەن. مەلىكە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ يېيىش ئۈچۈن ياغاچ قاچىلىرىغا قۇيۇۋالىدىكەن. شۇ ئەسنادا، ماموق، تاۋار - دۇردۇن، زەرلەرگە پۈركىنىپ، بويىنىغا ئالتۇن زەنجىر ئاسقان شاھزادە مەلىكە تۇرغان يەرگە كېلىپ قاپتۇ.

ئۇ بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ بوسۇغا سىرتىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن، مەلىكە شاھزادىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىپتۇ ھەم بەكمۇ چۆچۈپ كېتىپتۇ. چۈنكى، مەلىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان كىشى قانداقتۇر بىر شاھزادە ئەمەس، بەلكى بۇرۇن ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپىنى قويغان، ئەمما مەلىكە ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلگەن ھېلىقى بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ ئىكەن. بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يېتىلەپ زالغا ئەكىرىپتۇ.

تانسا ئويناۋېتىپ، مەلىكىنىڭ ياغاچ قاچىلىرىنى ئېسىۋالغان شوينىسى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئاشقان - تاشقان سەي - تاماقلار ھەريان چېچىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر ئۇچىيى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈشۈپتۇ. بىچارە مەلىكىگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق تۇيۇلۇپتۇ. مەلىكە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتىكەن، پەلەمپەيدە ئۇنىڭغا بىر يىگىت يېتىشىۋېلىپ ئالدىنى توسۇپتۇ. مەلىكە شۇنداق قارىسا، ئالدىدا يەنىلا شۇ بۇلبۇل تۇمشۇق پادىشاھ تۇرغۇدەك. ئۇ مەلىكىگە مۇلايىملىق بىلەن:

— قورقماڭ، مەن سىز بىلەن ھېلىقى ئەسكى كەپىدە بىللە ياشاۋاتقان تىلەمچى بولىمەن. مەن سىزنى چىن قەل-



بىمدىن ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تىلەمچى قىياپىتىگە كىرىۋالغانىدىم. ساپال قاچىلىرىڭىزنى ئاتقا دەسسىتىۋەتكەن ھېلىقى چەۋەندازمۇ مەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، سىزنىڭ ھېچكىمنى ئۆزىڭىزگە تەڭ قىلمايدىغان مىجەزىڭىزنى تۈزىتىش، مېنى مازاق قىلغان چاغدىكى تەكەببۇرلۇقىڭىز ئۈچۈن سىزنى تۇۋا قىلدۇرۇش ئىدى، ــ دەپتۇ.

ــ مەن ناھايىتى چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزدۈم. مەن سىزگە لايىق ئەمەس، ــ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ مەلىكە.

پادىشاھ ئۇنىڭغا:

ــ بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ھازىر بىز توي مەرىكىمىزنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزەيلى، ــ دەپتۇ.

كېنىزەكلەر كېلىپ مەلىكىگە گۈزەل لىباسلارنى كىيدۈرۈپتۇ. مەلىكىنىڭ دادىسىمۇ تويغا كەپتۇ. پۈتۈن خالايىق توي تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. مەلىكە بىلەن پادىشاھنىڭ ھەققىي بەختى ۋە خۇشاللىقى مانا ئەمدى باشلىنىپتۇ. كىتابخان، ئەگەر سىز بىلەن مېنىمۇ ئاشۇ توي زىياپىتىگە داخىل قىلغاي.

# ئالتۇن پەيلىك غاز

بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كىچىك ئوغلىنىڭ لەقىمى گالۋاڭ ئىكەن. ئۇ نەگە بارسا خەقنىڭ شاڭخوسىغا ئۇچرايدىكەن. نېمە ئىش قىلسا زىيان تارتماي قالمايدىكەن.

بىر قېتىم ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئورمانغا ئوتۇنغا بارماقچى بوپتۇ. ئانىسى قورسىقى ئېچىپ ۋە ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تورت بىلەن بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقى بېرىپتۇ. چوڭ ئوغۇل ئورمانغا كېلىشىگە ئالدىغا قەددى ـ قامىتى يادەك ئېگىلگەن، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئۇ يىگىت بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن شۇنداق دەپتۇ:

ـــ ئوغلۇم، خالتاڭدىكى تورتتىن ئازراق بەر، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئۈزۈم ھارىقىڭدىن نەچچە ئوتلىۋالاي، ئۇسساپ گېلىم قۇرۇپ كەتتى.

چوڭ ئوغۇل قوپاللىق بىلەن:

ـــ يەپ ـ ئىچىدىغىنىمنى ساڭا بېرىۋېتىپ ئۆزۈم ھاۋا يەيمەنمۇ؟ تولا گەپ قىلماي يوقال كۆزۈمدىن! ـــ دەپتۇ ـ دە، بوۋاينى تاشلاپ كېتىپ قاپتۇ.

چوڭ ئوغۇل ئوتۇن كەسلەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئەمدىلا نەچچە تال ئوتۇننى كەسلەپ تۇرۇشىغا قولىدىن پالتا چىقىپ كېتىپ مۇرىسىگە تېگىپتۇ. ئۇ نائىلاج يارىسىنى تاڭدۇرۇش ئۈچۈن ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەسلىدە بۇ ھېلىقى ئاپئاق ساقال دۇمچەك بوۋاينىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى ئىكەن.

ئورمانغا ئوتۇن كەسلەشكە ئەمدى ئوتتۇرانچى ئوغۇل بارماقچى بوپتۇ. ئانىسى بۇ ئوغلىغىمۇ چوڭ ئوغلىغا ئوخشاشلا، تورت ۋە ئۈزۈم ھارىقى راسلاپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇلغىمۇ ھېلىقى ئاپئاق ساقال دۇمچەك بوۋاي ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ يەيدىغان ئوزۇق بىلەن ئۇسسۇزلۇق سوراپتۇ.

ئوتتۇرانچى ئوغۇلمۇ ھاكاۋۇر ۋە قوپال ئىكەن. ئۇ:

— ساڭا بېرىۋەتسەم ئۆزۈمگە نېمە قالىدۇ؟ تولا ئەزمىلىك قىلماي نېرى تۇر! — دەپتۇ ـ دە، بوۋاينى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇمۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىپتۇ. ئەمدى نەچچە تۈپ دەرەخنى كېسىشكە پۇتىغا پالتا چېپىۋاپتۇ. خەقلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكېلىپ قويۇپتۇ.

گالۋاڭ كەنجى ئوغۇل بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ دادىسىغا:

— دادا، ئوتۇنغا مەن باراي، — دەپتۇ.

— بۇ ئىشنى ئىككى ئاكاڭ ئەپلەشتۈرەلمىگەن يەردە، سەن ئەپلەشتۈرەلەمسەن؟ سىڭگەن نېنىڭنى يەپ جىم ئولتۇر، — دەپتۇ دادىسى.

گالۋاڭ ئوغۇل دادىسىغا يېلىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. دادىسى



ئاخىر:

— بوپتۇ، بارغىن، بۇرنۇڭغا سۇ كىرمىگۈچە ئۇنىمايدى-غان ئوخشايسەن، — دەپ ماقۇل بوپتۇ.

ئانىسى ئۇنى بىر تال كۆمەچ ۋە بىر بوتۇلكا ئاچچىق پىۋا بىلەن يولغا سالپتۇ. گالۋاڭ ئورمانغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ ھېلىقى بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئۇ گالۋاڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ئوغلۇم، قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى، ئۇسساپ گالىلىرىم قۇرۇدى. كۆمىچىڭدىن بىر بۇردا، ھارىقىڭدىن بىر ئوتلام بەرسەڭ، — دەپتۇ.

— مەندە كۆمەچ بىلەن ئاچچىق پىۋىدىن باشقا ھېچنې-

مە يوق. ياراتسىڭىزلا كېلىمەن، بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى، — دەپتۇ گالۋاڭ.

ئۇلار باداشقاننى قورۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. گالۋاڭ كۆمەچ نېنىنى، ئاچچىق پېۋىسىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا شۇنداق قويۇشىغا، كۆمەچ نېنى مەززىلىك تورتقا، ئاچچىق پېۋىسى شېرىن - شەربەت ئۈزۈم هارىقىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار تويغۇدەك يەپ - ئىچىشكەندىن كېيىن دۈمچەك بوۋاي گالۋاڭغا:

— سەن بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ۋە سېخىي ئىكەنسەن. شۇڭا، مەن ساڭا بەخت ئاتا قىلاي دەيمەن. ئاۋۇ يەردە بىر تۈپ قېرى دەرەخ بار. سەن ئۇنى كېسىپ يىلتىزىنى كولىساڭ بىرنېمە تېپىۋالىسەن، — دەپتۇ - دە، گالۋاڭ بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

گالۋاڭ دەرەخنى كېسىپ يىلتىزىنى كولاپتىكەن، يىلتىزلارنىڭ ئارىسىدىن ئالتۇن پەيلىك غاز چىقىپتۇ. گالۋاڭ غازنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا تۈنەش ئۈچۈن بىر سارايغا چۈشۈپتۇ.

ساراي خوجايىنىنىڭ ئۈچ قىزى بار ئىكەن. ئۇلار بۇ غازنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ ۋە ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ جانىۋارنىڭ ئالتۇن پېيىدىن بىر تالدىن يۇلۇۋالماقچى بوپتۇ.

چوڭ قىز گالۋاڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قولىنى غازنىڭ قانىتىغا شۇنداق تەگكۈزۈشىگە

قولى شاپپىدە چاپلىشىپ قاپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن ئوتتۇرانچى قىزمۇ شۇ مەقسەتتە ئا-چىسىنىڭ يېنىغا كەپتىكەن، ئاچىسىغا چاپلىشىپ قاپتۇ.

ئەڭ ئاخىرقى كەنجى قىزمۇ ئالتۇن پەيدىن يۇلماقچى بولۇپ كەپتۇ، ئىككى ئاچىسى: «ۋاي جېنىم سىڭلىم، بىز-گىمۇ، غازغىمۇ يېقىن كەلمە» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. كەنجى قىز ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي: «ۋۇي، ئۇلار يېقىن كەلگەن يەردە، مەن نېمىشقا يېقىن كەلمىگۇدەكمەن» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئاچىلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ، بې-رىپتۇيۇ، ئۇلارغا شىرىندەك چاپلىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ قىز غازنىڭ قېشىدا بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە گالۋاڭ بىر ـ بىرىگە مەھكەم چاپلى-شىپ تۇرغان قىزلار بىلەن كارى بولماي غازنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان قىزلار گالۋاڭنىڭ كەينىدىن ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا سوكۇلدىغىنىچە مې-ڭىپتۇ. قىسقىسى، گالۋاڭ قايان ماڭسا، ئۇلارمۇ شۇيان ماڭ-ماي ئىلاجى يوق ئىكەن. ئۇلار شۇ مېڭىشى بىلەن ئېتىز-لىقتا كېتىپ بارسا، ئالدىغا پوپ ئۇچراپتۇ. پوپ ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ۋۇي، ئۇياتسىز قىزلار، نومۇس قىلماي يىگىتنىڭ كەينىدىن ئېتىزمۇئېتىز يۈرگىنىڭلارنى قاراڭلار، شۇمۇ ئىشمۇ؟ — دەپ خاپا بوپتۇ.



ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ، كەنجى قىزنىڭ قولىدىن تارتىپتىكەن، شاپپىدە قىلىپ ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قاپتۇ. پوپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى ئاجرىتالماپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بىردەمدىن كېيىن پوپنىڭ ياردەمچىسى كەپتۇ. ئۇ ئۈچ قىزنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈگۈرگەن پوپنى كۆرۈپ ھەيرانلىق بىلەن:

— پوپ جانابلىرى، بۇنچە ئالدىراش نەگە يۈردىلە؟ بۈگۈن بىر بوۋاقنى چوقۇندۇرۇشقا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا يەنە، — دەپتۇ. ئۇ بېرىپ پوپنىڭ يېڭىدىن تارتىشىغا پويقا شاپپىدە چاپلىشىپ قاپتۇ.

بەشەيلەن ئاشۇنداق بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كېتىۋېتىپ، ئېتىزلىقتىن ياندغان ئىككى دېھقانغا ئۇچراپتۇ. پوپ ئۇلارغا ئۆزى بىلەن ياردەمچىسىنى تارتىپ ئاجرىتىۋېلىشنى

ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇلار پوپىنىڭ يارىدەمچىسىگە يېقىن كېلى-
شىگە، باشتا پوپ يارىدەمچىسىگە، ئاندىن بىر - بىرىگە چاپ-
لىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەتتە بولۇپ، غاز كۆتۈر-
گەن گالۋاڭنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شە-
ھەر پادىشاھىنىڭ قاپىقى ئېچىلمايدىغان بىر قىزى بار ئى-
كەن. نى - نى ھەزىلكەش، قىزىقچىلارمۇ ئۇنى كۈلدۈرەلمى-
گەنىكەن. شۇڭا، پادىشاھ قىزىمنى كىم كۈلدۈرەلىسە ئۇنى
شۇنىڭغا بېرىمەن، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەن. بۇ خەۋەرنى
ئاڭلىغان گالۋاڭ ئالتۇن پەيلىك غېزىنى قولتۇقلاپ، غازغا
قۇيرۇقتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلارنى باشلاپ مەلىكىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. يەتتە ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ
قاتار يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەلىكە قاقاقلاپ
كۈلۈپ ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

گالۋاڭ پادىشاھتىن مەلىكىنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ
قىپتۇ. ئەمما، پادىشاھ گالۋاڭنى كۈيئوغۇل قىلغۇسى كەل-
مەي، ھەر ئامال بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا
چۈشۈپتۇ. ئۇ گالۋاڭغا ئوردىنىڭ گەمىسىدىكى ھەممە ئۈزۈم
ھارىقىنى ئىچىپ تۈگىتەلەيدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ كېلىش-
نى شەرت قىلىپ قويۇپتۇ. گالۋاڭ بۇنىڭغا ھېلىقى ئاپئاق
ساقال، دۈمچەك بوۋاي ئامال قىلالار، دېگەن نىيەتتە ئورمان-
دىكى ئوتۇن كەسكەن يەرگە كەپتۇ. شۇنداق قارىسا چىراي-
دىن غەم - قايغۇ چىقىپ تۇرغان بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك.



گالۋاڭ ئۇنىڭدىن نېمىگە شۇنچە خاپا ئىكەنلىكىنى سوراپ-تىكەن، ھېلىقى ئادەم:

— مېنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇم ئاسانلىقچە قانمايدىغان كېسەلىم بار. سۇ ماڭا ھېساب بولمايدۇ، ئۈزۈم ھارىقى ئىچمىگۈچە ئۇسسۇزلۇقۇم قانمايدۇ. مەن تېخى ھېلى بىر تۇڭ ئۈزۈم ھارىقى ئىچكەن بولساممۇ، خۇددى قۇمغا سىڭگەندەكلا سىڭىپ كەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەن خاپا بولماي كىم خاپا بولىدۇ دەيسەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ ئىشتا مەن ساڭا ياردەم قىلاي. يۈر كەينىمدىن. سېنى ئۈزۈم ھارىقىغا تازا بىر تويغۇزاي، — گالۋاڭ شۇنداق دېگىنىچە ھېلىقى كىشىنى باشلاپ مېڭىپتۇ.

گالۋاڭ ئۇ كىشىنى ئۇدۇل شاھنىڭ ھاراق ساقلايدىغان گەمىسىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇ ئادەم ھاراقنى قاچا بىلەن ئەمەس، تۇڭى بىلەن ئىچىپ، بىر كۈن ئىچىدىلا گەمىدىكى جىمى ھاراقنى تۈگىتىپتۇ.

گالۋاڭ پادىشاھتىن مەلىكىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا يەنە سوراپتۇ. لېكىن، پادىشاھ خەقلەر گالۋاڭ دەپ كۆزگىمۇ ئىلمايدىغان بىر يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلغۇسى پەقەت كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گالۋاڭغا تاغدەك دۆۋىلەنگەن بولكىنى يەپ كېتەلەيدىغان ئادەمنى تېپىپ كېلىش شەرتىنى قويۇپتۇ. گالۋاڭ بېشىنى قاتۇرۇپ ئولتۇرماي يەنە ئۇدۇل ئورمانغا بېرىپتۇ. شۇنداق قارىسا تاسما بەلۋاغ بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلىغان بىر ئادەم ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك



بوشىشىپ ئولتۇرغۇدەك.

— تېخى ھېلىلا بىر خالتا تاشتەك قېتىپ كەتكەن بولكىنى يېگەندىم، بىراق بەك ئېچىرقاپ كەتكەنلىكىمدىن ھېچنېمىگە دال بولمىدى. قورسىقىم ئېچىپ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماي، دەپ بىر-لىمنى مەھكەم باغلىۋالدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم گالۋاڭنى كۆرۈپ.

خۇش بولۇپ كەتكەن گالۋاڭ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— يۈر كەينىمدىن، سېنى راسا بىر تويغۇزۇپ قوياي.

گالۋاڭ ئۇ ئادەمنى باشلاپ شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئەلدىكى جىمى ئۇننى يىغىپ بولكا پىشۇرۇش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. پىشقان بولكىلار تاغدەك

دۆۋىلىنىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئەتىگەندە ئولتۇرۇۋېلىپ بىر باشتىن يېگىلى تۇرۇپتىكەن، كەچكە قالماي تاغدەك دۆۋىلەكلىك بولكىنىڭ ئۇۋىقىمۇ قالماپتۇ.

گالۋاڭ پادىشاھتىن مەلىكىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ئۈچىنچى قېتىم سوراپتۇ. بىراق پادىشاھ يەنىلا قىزىنى گالۋاڭغا بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ، ماڭا قۇرۇقلۇقتىمۇ، سۇدىمۇ ماڭالايدىغان بىر كېمە تېپىپ بېرەلىسەڭ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە گالۋاڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— سەن ئاشۇ كېمىگە چۈشۈپ ئالدىمغا كەلسەڭ ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن.

گالۋاڭ يەنە ئۇدۇل ئورمانغا كېلىپ ھېلىقى ئاپئاق ساقال بوۋاينى تېپىپتۇ.

— مەن سەن ئۈچۈن ھاراق ئىچتىم، بولكا يېدىم. سەن ئاق كۆڭۈل ۋە كىشىلەرگە مېھرىبان ئىكەنسەن. ئەمدى ساڭا پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك كېمە بېرىشكىمۇ رازىمەن، — دەپتۇ بوۋاي ۋە سۇدىمۇ، قۇرۇقلۇقتىمۇ ماڭالايدىغان كېمىنى گالۋاڭغا بېرىپتۇ.

كېمىنىڭ كەلتۇرۇلگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ قاپتۇ ـ دە، باشقا سەۋەب تاپالماي، كاتتا توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىنى گالۋاڭغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، گالۋاڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ مەلىكە بىلەن بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# بوۋاي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بارغانسېرى قېرىپ قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، كۆزى تورلىشىدىغان، پۇت - قوللىرى تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم تاماق يېگەندە قوشۇق، ۋىلكىلارنى ئوڭلاپ تۇتالماي، ئاش - تاماقنى داستىخانغا چېچىۋېتىدىكەن. شورپا ئىچسە ئىچكەن شورپىسى جاۋغىيىدىن ئېقىپ كىيىملىرىنى بۇلغايدىكەن. بوۋاينىڭ بۇ ئىشلىرى ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئۇنى تاماق ۋاقتىدا بۇلۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان، ساپال تاۋاقتا ئاش - تاماق بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋايغا قورسىقى تويغۇدەك تاماقمۇ بەرمەيدىكەن. بىچارە بوۋاي داستىخانغا قاراپ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكىدىكەن. بىر قېتىم ئۇنىڭ قولى تىترەپ ساپال تاۋاقنى قولىدىن چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، ساپال تاۋاق چېقىلىپ كېتىپتۇ. كېلىنى كۆرۈپ بوۋاينى تىللاپتۇ. بوۋاي بىچارە بىر ئېغىزمۇ جاۋاب ياندۇرماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ. كېلىنى بازاردىن ئەرزان باھالىق ياغاچ چۆچەك ئەكەپتۇ ۋە بوۋايغا شۇنىڭدا تاماق بېرىدىغان بولۇۋاپتۇ.



بىر كۈنى ئۇلار يەنە شۇ ئادىتى بويىچە تاماققا ئولتۇرۇپتۇ. قارىسا تۆت ياشلىق ئوغلى يەردىكى ياغاچ پارچىلىرىنى يىغىپ يۈرگۈدەك. ھەيران قالغان دادىسى ئوغلىدىن:

— ئۇلارنى يىغىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى:

— مەن بۇ ياغاچلاردا چۆچەك ياسايمەن، چوڭ بولغاندا مەنمۇ ئاپام ئىككىڭلارغا چۆچەكتە تاماق بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىر يىغلىۋېتىشىپتۇ، ئۇلار بوۋاينى دەرھال داستىخانغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بوۋاي تاماق - شورپىلارنى چېچىۋەتسىمۇ پەقەت كايىماپتۇ.

# ئالتۇن چاچلىق ئالۋاستى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر نامرات ئايال ئۆتكەنىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىر ھۆكۈما بۇ بالا ئون تۆت ياشقا كىرگەندە پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ، شاھقا كۈيئوغۇل بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. قىزىق ئىش، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەي پادىشاھ يۇرت ئارىلاپ بۇ يېزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كىشىلەردىن بۇ يەردە نېمە يېڭىلىقلارنىڭ بارلىقىنى سوراپتىكەن. ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى بىلمىگەن پۇقرالار:

— بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بىر ئايال ئوغۇل تۇغدى. ھۆكۈمالارنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئوغۇل ئون تۆت ياشقا كىرگەندە پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولارمىش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىچى زەھەرگە تولغان پادىشاھنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ، بىراق ئۇ بوۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھارامزادىلىك بىلەن:

— قولۇڭلار تولىمۇ قىسقا ئىكەن، بۇ ھالىڭلاردا ئوغلۇڭلارنى ياخشى باقالمىغۇدەكسىلەر، بالاڭلارنى ماڭا بېرىڭلار، مەن بېقىپ قاتارغا قوشاي، — دەپ تىلەپتۇ.

دەسلەپتە بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىسىغا چىدىماپتۇ.

بىراق پادىشاھ يېنىدىن بىرمۇنچە ئالتۇننى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتىكەن، ئۇلار: «بالىمىزنىڭ پېشانىسىدە بار ئوخشايدۇ، ئۇنى بۇ كىشىگە بەرسەك بەختى ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بالىسىنى پادىشاھقا بېرىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ بالىنى ساندۇققا ساپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر دەريانىڭ بويىدا توختاپتۇ ـ دە، ساندۇقنى سۇغا تاشلىۋېتىپ: «شۈكرى، قىزىمنى بۇ قاملاشمىغان لايىقتىن قۇتۇلدۇردۇم» دەپ ئويلاپتۇ.

ساندۇق دەريادا چۆكۈپ كەتمەي، خۇددى كېمىدەك ئېقىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىگە بىرەر تېمىم سۇمۇ كىرمەپتۇ. ساندۇق شۇ ئاققىنىچە بېرىپ پادىشاھنىڭ پايتەختىگە ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان بىر تۈگمەننىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ، تۈگمەن باقىدىغان كىشى ساندۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بىرنەرسە بىلەن ئىلىپ ئۇنى سۇزۇۋاپتۇ. ئۇ نۇرغۇن دۇنيا تېپىۋالدىم، دەپ ساندۇقنى ئېچىپتۇ. قارىسا ئىچىدە ئايدەك چىرايلىق، پاقلاندەك بودۇرۇق بىر ئوغۇل ياتقۇدەك. ئۇ بالىنى تۈگمەن خوجايىنىغا بېرىپتۇ. بالا يۈزى كۆرمىگەن تۈگمەنچىنىڭ بېشى كۆككە يېتىپتۇ. ئۇلار بۇ بالىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىپتۇ، پۈتۈن ئېسىل پەزىلەت بۇ ئوغۇلنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ يامغۇردا قېلىپ، پاناھلىنىش ئۈچۈن ھېلىقى تۈگمەنگە كىرىپتۇ. ئۇ تۈگمەنچىنىڭ قېشىدىـ

دىكى قاۋۇل، قاملاشقان بالىنى كۆرۈپ، بۇ سىلەرنىڭ بالاڭلارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۇگمەنچى، — ئۇنى كىمدۇر ساندۇققا سېلىپ تاشلىۋەتكەنىكەن. ئون تۆت يىل بۇرۇن بۇ بالا ساندۇق بىلەن ئېقىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغاندا، تۇگمەن باقىدىغان بىرەيلەن سۇدىن سۈزۈۋېلىپ بىزگە بەرگەن.

پادىشاھ بۇ بالىنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئۆزى ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ ـ دە:

— ئى، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلار، ئوغلۇڭلار خانىشقا بىر پارچە خەت ئاپىرىپ بەرسە بولارمۇ؟ ئۇنىڭ بەدىلىگە مەن سىلەرگە ئىككى تىللا بەرسەم، — دەپتۇ.

— ۋاي بولمامدىغان، — دەپتۇ ئۇلار ۋە ئوغلىنى خانىشقا خەت ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ خانىشقا: «خەت ئاپارغان بالىنى بارغان ھامان ئۆلتۈرۈپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىڭلار. مەن قايتىپ بارغۇچە ھەممە ئىشنى تۈگىتىڭلار» دەپ خەت يېزىپتۇ.

بالا خەتنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ، كەچ كىرىپتۇ، بالا يولدىن ئادىشىپ قاراڭغۇ ئورمانغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپىغا زەن سېلىپ قارىسا، يىراقتا چىراغدەك بىرنېمە يىلدىرلاپ تۇرغۇدەك. بالا ئاشۇ يورۇققا قاراپ مېڭىپ، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇ-

دەك بولسا، بىر موماي ئوچاقنىڭ ئالدىدا يالغۇز ئولتۇرغۇ-دەك. موماي كىرىپ كەلگەن بالىدىن چۆچۈپ سوراپتۇ:

— نەدىن كەلگەن، نەگە بارىدىغان بالىسەن؟

— خانىشقا خەت ئاپىرىپ بەرگىلى تۇگمەندىن كەلگە-نىدىم، يولدىن ئېزىپ بۇ يەرگە تۈنىگىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئەي بىچارە بالا، سەن قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا كې-لىپ قاپسەن ئەمەسمۇ. ئۇلار كېلىپ قالسا تېرەڭنى تەتۈر سويۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ موماي.

— مەن ھېچنېمىدىن، ھېچكىمدىن قورقمايمەن. بەك ھېرىپ كەتتىم، ماڭغۇچىلىكىم زادى قالمىدى، — بالا شۇنداق دەپتۇ - دە، ئۇزۇن ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

ھايال ئۆتمەي قاراقچىلار قايتىپ كەپتۇ. ئورۇندۇقتا ياتقان بالىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپ-تۇ ۋە مومايدىن بۇ بالىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ.

— بۇ بىر بىگۇناھ بالا. ئۇ ئورماندا ئېزىپ قاپتىكەن، ئىچىم ئاغرىپ قوندۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا خانىشقا خەت ئەكېتىۋاتىمەن، دېدى، — دەپتۇ موماي.

قاراقچىلار خەتنى ئېچىپ، خەت ئاپارغان بالا بېرىشى-غىلا ئۆلتۈرۈۋېتىلگىلار، دېگەن گەپلەرنى ئوقۇپتۇ. ئەسلىي باغرى تاشتىنمۇ قاتتىق قاراقچىلارنىڭ بۇ بىگۇناھ بالىغا ئىچى ئاغرىپ، خەتنى يىرتىۋېتىپتۇ. ئاندىن بالا بېرىشىغىلا



مەلىكە بىلەن ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىشۋېتىشكىلار، دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ ـ دە، ئەتىسى ئەتىگىنى بالا ئويغانغان چاغدا قولىغا تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپ-تۇ. خانىش خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ يىگىت بىلەن قىزنىڭ بېشىنى چېتىپ قويۇپتۇ. مۇلايىم، سۇمباتلىق بۇ يىگىتمۇ مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە يې-قىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بوپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندە پادىشاھ ئوردىسىغا قاي-تىپ كېلىپ، ھۆكۈمانىڭ ھۆكمى توغرا چىققانلىقىنى، بالىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ـــ بۇ نېمە ئىش؟ مەن خېتىمدە خەت ئاپارغان بالىغا قىزىمنى بېرىڭلار دەپ ئەمەس، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دەپ يازغانىدىمغۇ؟ ! ـــ دەپتۇ پادىشاھ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

ـــ ئەمىسە يازغان خېتىڭىزنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ بې-قىڭ، ـــ دەپ خەتنى پادىشاھنىڭ ئۆزىگە بېرىپتۇ خانىش.

پادىشاھ بۇ خەتنىڭ ئۆزى يازغان خەت ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ ئەسلىدىكى خەتنى سۈ-رۈشتە قىپتۇ.

ـــ سىلى يازغان خەتنىڭ قانداقلارچە ئالمىشىپ كەت-كىنىدىن راستىنلا خەۋىرىم يوق، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا، ـــ مەن ئېزىپ قېلىپ ئورماندا قونغان يېرىمدە كىم-

دۇر بىرى ئالماشتۇرۇپ قويىدىمىكىنتاڭ؟

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دەپ ھۆركىرەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن، — كىمدە كىم قىزىمنى ئالىمەن دەيدىكەن، جەھەننەمگە بېرىپ ئالۋاستىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن چېچىدىن ئۈچ تال يۇلۇپ كېلىشى شەرت، سەن قىزىمنى ئالىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم دېگەنلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك.

پادىشاھنىڭ مەقسىتى مۇشۇنداق قىيىن شەرتلەر ئارقىلىق بالىنى كۆزدىن يوقىتىش ئىكەن. ئەمما، بالا بۇنىڭ بىلەن قىلچە بەل قويۇۋەتمەپتۇ. ئۇ پادىشاھقا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئالۋاستىنىڭ ئۈچ تال ئالتۇن چېچىنى چوقۇم ئەكېلىپ بېرىمەن. مەن ئالۋاستىدىن قورقمايمەن.

ئۇ مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

بالا ماڭا - ماڭا بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىغا قارايدىغان ياساۋۇل ئۇنىڭ قولىدىن قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ياساۋۇل، — بىزنى خۇشال قىلغۇدەك ئىشتىن بىرنى قىل، قېنى، دەپ باقە، شەھىرىمىزدىكى بىر قۇدۇقتىن بۇرۇن توختىماي ئۈزۈم ھارىقى چىقاتتى، ھازىر قۇرۇپ سۇمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قالدى.

بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— بۇنى مەن سىلەرگە قايتىپ كەلگەندە دەپ بېرەي، — دەپتۇ بالا.

بالا مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. بىر چاغدا يەنە بىر شەھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ شەھەر دەرۋازىسىغا قارايدىغان ياساۋۇلمۇ ئۇنىڭ قولىدىن قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

— ھەممە ئىشتىن خەۋەردارمەن، قولۇمدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ياساۋۇل، — بىزنى خۇشال قىلغۇدەك ئىشتىن بىرنى قىل، قېنى، دەپ باقە، شەھىرىمىزدە ئالتۇن ئالما بولىدىغان بىر ئالما دەرىخى بار ئىدى. ھازىر ئۇ قۇرۇپ يوپۇرماقمۇ چىقارماس بولۇپ قالدى. بۇ نېمە ئۇچۇن؟

— بۇنى مەن قايتىپ كەلگەندە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

بالا يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغلاردا بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ دەريادىن ئۆتكۈچە كېمىچى ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ:

— ھەممە ئىشنى بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە سەن مېنى خۇش قىلىدىغان ئىشتىن بىرنى قىلىپ بەرگىن، — دەپتۇ كېمىچى، — دەپ باقە قېنى، مەن

بۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا، بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا ئۆتكىنىم ئۆتكەن، مەن يولۇچىلارنى توشۇپلا يۈرەمدىم؟ كېمە ھەيدەيدىغان باشقا ئادەم زادى يوقمۇ؟

— بۇنى مەن سىزگە قايتىپ كەلگەندە ئېيتىپ بېرەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

بالا دەريادىن ئۆتۈپ جەھەننەمگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ جەھەننەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، قاپقارا گۆردەك بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىپ تۇرغۇدەك، ئۆيدە ئالۋاستى يوق ئىكەن. ئالۋاستىنىڭ مومىسى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ چىرايىدىن باشقا ئالۋاستىلارنىڭكىدەك ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرمايدىكەن.

— ساڭا نېمە كېرەك، ئەي ئىنسان بالىسى؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ.

— ماڭا ئالۋاستىنىڭ بېشىدىكى ئۈچ تال ئالتۇن چېچى كېرەك، بولمىسا مەن ئايالىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— تەلىيىڭ بەكمۇ يوقىرى ئىكەن. ناۋادا ئۇ ئالۋاستى كېلىپ سېنى تېپىۋالسا ھەرگىز ئامان قالمايسەن. بىراق سەن يامان كۆڭگە قاپسەن. قېنى، مەن ساڭا ياردەم قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقاي، — ئالۋاستى موماي شۇنداق دەپلا بالىنى چۇمۇلىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، — كىيىمىمنىڭ ئىچىگە كىرىۋال، ئۇ يەر سەن ئۈچۈن ئەڭ بىخەتەر.

— ماقۇل، — دەپتۇ بالا، — بىراق مېنىڭ سىزدىن



سورايدىغان ئۈچ سوئالىم بار: نېمە ئۈچۈن دائىم بۇلدۇقلاپ ئۇرۇپ ھارىقى چىقىپ تۇرىدىغان قۇدۇق قۇرۇپ كېتىپ سۇمۇ چىقماس بولۇپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شاخلىرىدا ئالتۇن ئالما بولىدىغان ئالما دەرىخى ئەمدى يوپۇرماقمۇ چىقارمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن كېمىچى ھەمىشە ئۇ قاتتىن بۇ قاتقا ئۆتۈپلا يۈرىدۇ؟ كېمىنى ھەيدەيدىغان باشقا ئادەم زادى يوقمۇ؟

— بۇلارنىڭ ھەممىسى جاۋاب بەرمەك قىيىن سوئاللار ئىكەن، سەن جايىڭدا مىدىرلىماي ياتقىن. مەن ئالۋاستىنىڭ ئۈچ تال ئالتۇن چېچىنى يۇلغان چېغىمدا، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئوبدان قۇلاق سال.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا ئالۋاستى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئەتراپنى پۇراپتۇ.

— ئادەمنىڭ ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ، — دەپتۇ ئۇ ۋە ھەممە يەرنى ئىمىسقىلاپ ئاختۇرۇپ چىقىپتۇ، ئەمما ھېچنېمىنى تاپالماپتۇ.

— ئۆينى تېخى ھېلىلا سۇپۇرۇپ يىغىشتۇرۇپ قويغانىدىم، بىردەمدىلا مالىماتاڭ قىلىۋەتتىڭغۇ، سېنىڭ بۇرنۇڭغا ئادەمنىڭ ھىدىدىن باشقا نەرسە پۇرىمامدىغاندۇر ! تولا يوق گەپنى قىلماي ئولتۇرۇپ قورسىقىڭنى تويدۇر، — ئالۋاستىغا كايىپتۇ موماي.

ئالۋاستى يەپ - ئىچىپ تويغاندىن كېيىن بەدەنلىرى بوشىشىپ بېشىنى مومىسىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بېشىنى بېقىپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ.

مومىسى ئۇنىڭ بېشىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئالۋاستىغا خۇشىيېقىپ خورقىراپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

موماي ئۇنىڭ ئالتۇن چېچىدىن بىر تالنى پاراسىدە يۇلۇۋاپتۇ.

— ۋايجان ! نېمە قىلىۋاتىسەن، موما؟ — دەپتۇ ئالۋاستى.

— كۆزۈم ئىلىنىپ قارا بېسىپ قاپتۇ. شۇڭا، بىلمەي چېچىڭنى يۇلۇپ ساپتىمەن، — دەپتۇ موماي.

— نېمە چۈش كۆرگەنىدىڭ؟

— چۈشۈمدە بىر شەھەردە ئۈزۈم ھارىقى چىقىدىغان قۇدۇق بار ئىمىش. لېكىن، تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئۈزۈم ھارىقى تۇگۇل سۇمۇ چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى موماي.

— شۇنىمۇ بىلمەمدىغان ! قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى يوغان تاشنىڭ ئاستىدا بىر پاقا بار. شەھەردىكى كىشىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاندىن قۇدۇقتىن ئۈزۈم ھارىقى چىقىشقا باشلايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئالۋاستى.

موماي يەنە ئۇنىڭ بېشىنى بېقىشقا باشلاپتۇ. ئالۋاستى ئۇيقۇغا كېتىپ شۇنداق قاتتىق خورەك تارتىپتۇكى، ئىدىشلار دېرىزىلەردىن تارتىپ ھەممە يەر تىترەپ كېتىپتۇ. موماي ئۇنىڭ بېشىدىن يەنە بىر تال ئالتۇن چېچىنى يۇلۇۋاپتۇ.

— ۋايجان نېمە قىلىۋاتىسەن، موما؟ — دەپ چىرقىراپ



كېتىپتۇ ئالۋاستى.

— خاپا بولما، — دەپتۇ ئالۋاستى موماي، — چۈشەكەپ شۇنداق قىپتىمەن.

— نېمە چۈش كۆرگەنىدىڭ؟

— چۈشۈمدە، شاخلىرىدا ئالتۇن ئالمىلار بولىدىغان بىر تۈپ ئالمىنى كۆرۈپتىمەن. لېكىن، ئۇ ھازىر ئالتۇن ئالما بېرىش تۈگۈل يوپۇرماقمۇ چىقارمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. دەپ باقە، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىمۇ بىلمىگەن بارمۇ؟ بىر چاشقان ئالمىنىڭ يىلتىزىنى غاجاۋاتىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئالما كۆچىتىدە يەنە ئالتۇن ئالمىلار چۈشىدۇ. ئەگەر چاشقان ئۆلتۈرۈلمىسە، ئالما كۆچىتى چوقۇم قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كېتىدۇ. ئەمدى-غۇ بولغاندۇر، مېنى ئارامىمچە ئۇخلىغىلى قوي. يەنە ئۇيۇ-قۇمنى بۇزىدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

موماي ئالۋاستىنى ئالداپ - سالداپ قۇچىقىغا ياتقۇ-زۇپتۇ - دە، يەنە ئۇنىڭ بېشىنى بىقىشقا چۈشۈپتۇ، ئالۋاس-تىمۇ خورقىراپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. موماي ئالۋاستىنىڭ بې-شىدىن يەنە بىر تال ئالتۇن چېچىنى يۇلۇۋاپتۇ. ئاغرىققا پەقەت چىدىمىغان ئالۋاستى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ مو-مايىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بوپتۇ. موماي ئۇنى يەنە بەزلەپ:

— بولدى، خاپا بولما، مېنى يەنە قارا بېسىپتۇ، — دەپتۇ.

ئالۋاستى ھەيران بولۇپ:

— زادى قانداق چۈشلەرنى كۆرۈۋاتىسەن، موما؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چۈشۈمدە بىر كىمىچىنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ ماڭا، يىل بويى ئۆزۈم يالغۇز ئۇ قاتتىن بۇ قاتقا، بۇ قاتتىن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ، يولۇچىلارنى توشۇپ يۈرىمەن، كىمە ھەيدەيدىغان باشقا ئادەم زادى يوقمۇ؟ دەپ زارلاپ بېرىۋاتقۇدەك. دەپ باقە قىنى، ئۇ قانداق قىلسا بولار؟

— توۋا، ماۋۇ قاپاق باشنى! قولىدىكى پالاقنى دەريادىن ئۆتىدىغانلارغا تۇتقۇزۇپ قويسا، ئۆزى ئەركىنلىككە چىقمام-دۇ، — دەپتۇ ئالۋاستى.

شۇنداق قىلىپ موماي ئالۋاستىنىڭ ئۈچ تال ئالتۇن چېچىنى يۇلۇۋاپتۇ، ھېلىقى ئۈچ ئىشنىڭمۇ سىرىنى بىلىۋې-لىپ، ئالۋاستىنىڭ ئۇيقۇسىنى قايتا بۇزماپتۇ. ئالۋاستىمۇ تاڭ ئاتقۇچە ئارامخۇدا ئۇخلاپتۇ.

ئالۋاستىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، موماي كىيد-مىنىڭ تىكىشىدىكى چۈمۈلىنى ئېلىپ ئۇنى ئەسلىدىكى قد-ياپىتىگە — ئادەمزاتقا ئايلاندۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— مانا ساڭا ئۈچ تال ئالتۇن چاچ، ھېلىقى سىرلىق ئۈچ سوئالغا ئالۋاستىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئاڭلىغانسەن؟

— ئاڭلىمامدىغان، مەن ئۇ گەپلەرنى ئېسىمدە مەھكەم تۇتىمەن دەڭا، — دەپتۇ بالا.

ئۇ ئالۋاستى مومايغا رەھمەت ئېيتىپ جەھەننەمدىن چىقىپتۇ، چۇنكى ئۇ ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈت- تۈرۈۋالغانىكەن.

ئۇ مېڭىپ - مېڭىپ ھېلىقى كېمىچىنىڭ ئالدىغا كې- لىپ قاپتۇ. كېمىچى ئۇنىڭدىن ۋەدە قىلغان ئىشنى ئورۇن- دىغان - ئورۇندىمىغانلىقىنى سوراپتۇ، بالا ئۇنىڭغا:

— ئاۋۋال مېنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوي. ئاندىن ساڭا دەپ بېرەي، — دەپتۇ.

كېمىچى ئۇنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. بالا ئاندىن ئالۋاستىنىڭ گېپىنى كېمىچىگە دەپ بېرىپتۇ:

— ناۋادا بىرەر كىشى دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇپ كەل- سە، سەن قولۇڭدىكى پالاقنى شۇنىڭغا بېرىپلا ئالدى - كەي- نىڭگە قارىماي كەت.-

بالا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھېلىقى ئالما كۆچىتى بار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى ياساۋۇلمۇ ئۇنىڭ جاۋا- بىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بالا ئۇنىڭغا:

— ئالمىنىڭ يىلتىزىنى غاجىلاۋاتقان چاشقاننى ئۆل- تۈرۈۋەتسەڭلار، دەرەخ ئالتۇن مېۋە بېرىدۇ، — دەپتۇ.

ياساۋۇل خۇشلۇقىدىن ئۇنى ئىككى ئېشەككە ئالتۇن

ئارتىپ يولغا سېپتۇ.

بالا ئەڭ ئاخىرىدا سۇيى قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بار شەھەرگە كەپتۇ ۋە ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان ياساۋۇلغا:

— قۇدۇقنىڭ تېگىدىكى تاشنىڭ ئاستىدا بىر پاقا بار ئىكەن. شۇ پاقىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار، قۇدۇقتىن بۇلدۇقلاپ ئۇزۇم ھارىقى چىقىدىكەن، — دەپتۇ.

بۇ ياساۋۇلمۇ تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىككى ئېشەك ئالتۇن بېرىپتۇ.

بالا ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ھەممە ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئايالى ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

بالا ئۈچ تال ئالتۇن چاچ ۋە تۆت ئېشەك ئالتۇننى پادىشاھقا تۇتۇپتۇ. بۇ بايلىقلارنى كۆرگەن پادىشاھ خۇشاللىقىدىن:

— پاھ، پاھ، ھەممە شەرتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنداپسەن، ئەمدى قىزىم ساڭا تەئەللۇق. لېكىن، ھۆرمەتلىك كۈيئوغلۇم، بىر ئىشقا ھەيرانمەن، مۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇننى نەدىنمۇ ئالغانسەن؟ بۇ قالتىس كاتتا بايلىق جۇمۇ ! — دەپتۇ.

— مەن بۇ بايلىقلارنى بىر دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن ئېلىپ



كەلدىم. دەريانىڭ ئۇ قېتى قۇم ئەمەس، پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

— مەنمۇ بېرىپ شۇ ئالتۇنلاردىن ئۇسسۇپ كەلسەم بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاچ كۆز پادىشاھ.

— ۋاي بولمامدىغان، ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا، — قانچىلىك ئالتۇن ئۇسسۇۋالىمەن دېسىلە شۇنچىلىك ئۇسسۇۋالالايلا. بىر كېمىچى سىلىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. سىلى تاغارلىرى تۇشقۇچە ئالتۇن ئۇسسۇپ كېلەلەيلا.

نەپسانىيەتچى پادىشاھ ھېچنېمىگە قارىماي يولغا چىقىپتۇ، دەريا بويىغا كەلگەندە كېمىچىگە قول ئىشارىسى قىپتىكەن، كېمىچى كېمىسىنى ھەيدەپ كەپتۇ، ئاندىن پادىشاھنى كېمىگە چىقىرىپ ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ ۋە قولىدىكى پالاقنى پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاھ كېچىلىك كېمىسىنى ھەيدەيدىغان كېمىچىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ قىلغان گۇناھلىرىغا تېگىشلىك جازا ئىكەن.

— ئۇ ھازىرمۇ كېچىلىك كېمىسىنى ھەيدەۋاتقانمىدۇ؟

— شۇنداق بولماي. بەلكى ئۇنىڭ قولىدىكى پالاقنى ئالىدىغان ئادەم چىقماس.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت





## گىرىم چۆچەكلىرى

قىزىل بۆك

پاقا شاھزادە

كۆل قىز

دېھقان بىلەن ئالۋاستى

ISBN 978-7-228-10964-7

9 787228 109647 >

定价：6.00 元